ئومۇمىي 51-سان

2023 نويابىر

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك ئادەملەر

29



بىلىنىشۋالىدىغان ھايات ساۋاقلىرى

70



جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

1



2023 نويابىر
ئومۇمىي 51-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك
ئادەملەرنىڭ تۆت
ئالاھىدىلىكى

ئەنسىز خىياللارنى
تىزگىنلەشتىكى ئەمەلىي
چارىلەر 89

## خىتاي تەتقىقاتى

جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

## خەلقئارا ۋەزىيەت

بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ
ئارىسىدىكى نەيرەڭۋازلىقلار

## تۈگۈنلەر ۋە يېشىملەر

ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە
روھىي ساغلاملىق

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك
ھايات ساۋاقلىرى 70













## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتۈك
سىياسەتچى ئوغلانى
مەخسۇت مۇھىتى 95

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىڭ 63

## ساغلاملىق

بېھىنىڭ سەككىز خىل پايدىسى 56

## كۆڭۈل ۋە تەن

كىچىك ئۆزگىرىشلەر نېمە
ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە؟ 77

بىز باشقىلاردىن ئۆزىمىز
كۈتكەننى كۈرىمىز 47

## گۈلىستان

بالىلارنىڭ دەسلەپكى
تەرەققىياتىغا ئائىت بىلىۋېلىشقا
تېگىشلىك ئون مەسىلە 52



خىتاي تەتقىقاتى
SPIES
جاسۇسلۇق
AND
ۋە
LIES
يالغانچىلىق
HOW CHINA'S GREATEST COVERT
OPERATIONS FOOLED THE WORLD
'When Alex Joske speaks,
governments need to listen.'
MIKE GALLAGHER,
MEMBER OF US CONGRESS
ئالېكس جوسك
ALEX
JOSKE

# 13 ـ باب: بۇددىزمنىڭ تەسىر كۆرسىتىش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

نەنشەن بۇتخانىسىدىكى ئاۋالوكىتېسۋارا بۇتى (بۇددا دىنىدىكى بىر بۇتنىڭ ئىسمى، ت) خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى خەينەن ئارىلىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ غايەت زور بۇت خەينەندە يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان «بوئاۋ مۇنبىرى»گە ئوخشاشلا، خىتايغا تۇتىشىدىغان يول ئېغىزىغا جايلاشتۇرۇلغاندى. سىزنىڭ قانداق قارىشىڭىزغا باغلىق ھالدا، بۇ ئارال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ دۇنيانى كۆزىتىش نۇقتىسىدۇر. ئاۋالوكىتېسۋارا بۇتى گويا مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيەگە، ھەتتا ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئاۋستىرالىيەنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا نەزەر سالماقچى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇ بۇت خىتايغىلا خاس بولماستىن، سىرىلانكا، تايلاند ۋە بېرمىدىمۇ بۇددىستلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىدۇ. خەينەندىكى ئاۋالوكىتېسۋارا بۇتى ئالتە يىللىق قۇرۇلۇشتىن كېيىن 2005 ـ يىلى پۈتكەندە، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى، تەيۋەن، خوڭكوڭ، ئاۋمېندىن كەلگەن بىرەر يۈزدەك راھىب بىر يەرگە جەم بولۇپ، بۇ بۇتنىڭ ياسىلىپ بولغانلىقىنى تەبرىكلەشكەن.

تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ ئۆزىلا جاھان ئەھلىگە سىياسىي سىگنال بەرگەن بولۇپ، شۇ كۈنى جەم بولۇشقان راھىبلار «دۇنيانىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ۋە خىتاينىڭ (يەنى كوممۇنىست خىتاي بىلەن تەيۋەننىڭ) تىنچ بىرلىشىشى» ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى. بۇ مۇراسىمغا نېپالنىڭ پادىشاھىمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇ ساكيامۇنىنىڭ (بۇددا دىنىدىكى يەنە بىر بۇتنىڭ) ھەيكىلىنى كۆتۈرگىنىچە، خىتاي بىلەن نېپالنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ ئەللىك يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن كەلگەنىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بىرلىكسەپ سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىمۇ بېيجىڭدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۇ يىغىن ئەھلىگە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇددىزمغا ئالاقىدار ئىشلارغا مۇداخىلە قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى.(1) بۇ بۇددىزمنى ۋاستە قىلغان سىياسەت، دىپلوماتىيە ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىدى.

بۇ مۇراسىمنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى ئاۋالوكىتېسۋارا بۇتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇ بۇت بىرى خىتايغا، بىرى تەيۋەنگە، يەنە بىرى دۇنيانىڭ قالغان قىسمىغا قاراپ تۇرغان ئۈچ ھەيكەلدىن

تەركىب تاپقاندى. ھەربىر بۇتقا ئايرىم مەنە يۈكلەنگەندى. خىتايغا يۈزلىنىپ تۇرغان ئاۋالوكىتىسپۋارا بۇتىنىڭ قولىدا «ھېكمەت»كە ۋەكىللىك قىلىدىغان يۈگىمە كىتاب بار ئىدى. تەيۋەنگە يۈزلىنىپ تۇرغان ئاۋالوكىتىسپۋارا بۇتىنىڭ قولىدىكى نىلۇپەر تىنچلىقنى ۋە «تىنچ بىرلىشش»كە ۋەكىللىك قىلاتتى. جاھان ئەھلىگە يۈزلىنىپ تۇرغان ئاۋالوكىتىسپۋارا بۇتىنىڭ قولىدا مارجانلار بار بولۇپ، بۇ «شەپقەت»نىڭ سىمۋولى ئىدى.(2)

گەرچە ئاۋالوكىتىسپۋارا بۇتىنىڭ شەكلى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما خەينەن ئارىلىدىكى بۇ بۇتنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكايە تولىمۇ ئۆزگىچىدۇر. بۇ بۇتنىڭ ياسىلىشى توغرىسىدىكى ھەقىقىي ھېكايە خىتاي ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ چەتئەل جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە مەخپىي تور بەرپا قىلىش ئۈچۈن دىنىي ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتىنى قانداق سۈيىئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

### شاگىخەيدىكى تور

ئاۋالو كىتىسپ سۋارا بۇتىنىڭ ئالدىدا غادىيىپ تۇرغان جى سۇفۇ ئاپئاق كۆڭلەك بىلەن قارا ئىشتان كىيگەن بولۇپ، كىشىگە بىر قىسىملا كۆرۈنەتتى. ئۇ ياسىلىشىغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان بۇ بۇتنىڭ «ئايال ئەركىنلىك ئىلاھى»نىڭ ھەيكىلىدىن نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكىنى پەش قىلىپ ئۆلگۈردى. ئاندىن ئالدىغا ئولىشىۋالغان مۇخبىرلارغا: «بۇ جاي پات ئارىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بۇددىستلارنىڭ ئىبادەت مەركىزىگە ۋە خەلقئارالىق بۇددىزم كۇلتۇرەل ساياھەتگاھىغا ئايلىنىدۇ» دېدى. (3)

1990 ـ يىللىرى مەزكۇر پىلان بېكىتىلگەندىن بۇيان، جى سۇفۇ ئىزچىل بۇ پىلاندىكى يادرولۇق شەخس ئىدى. گەرچە خەينەن ئارىلىدىكى بىرىنچى قول باشلىق، يەنى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى بۇ پىلانىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىسىمۇ، يەنىلا بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بېيجىڭدىكى دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىش؛ شۇنداقلا ئاخىرقى لايىھەنى بېكىتىشتە بۇددىزم مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ، سەنئەتكارلارنىڭ، مېتاللورگىستلارنىڭ ۋە بىناكارلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش زۆرۈر ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ بىر ماكانغا ـــ راھىبلار مەھەللىسىگە ۋە بىر بۇتخانىغا ـــ، شۇنداقلا «ھۆرمەتكە سازاۋەر» چوڭ راھىبنىڭ ھەمكارلىقىغا موھتاج ئىدى.

لېكىن، شاگىخەيدىن كەلگەن، بۇددىزمغا ھېچقانچە قىزىقمايدىغان، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بولمىغان سودىگەر جى سۇفۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىنغان؟ چۈنكى، ئۇ شاگىخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى (SSSB) ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. مەزكۇر ئىدارە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئەڭ ھوجۇمچان، خەلقئارادا ئەڭ پائالىيەتچان تارماقلىرىدىن بىرىدۇر. چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىگە سىڭىپ كىرىشنى مەقسەت قىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك

سىبسىق نامى پۇر كەتكەن شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى يەنە ئۆزلىرىنىڭ راۋۇرۇس تور جاسۇسلۇقى ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەنمۇ پەخىرلىنەتتى. 2004 ـ يىلى مەزكۇر ئىدارە ياپونىيەلىك بىر دىپلوماتنىڭ كارائوكېدىكى كۆتكۈچى قىز بىلەن بولغان سەتچىلىكىنى تۇتقۇ قىلىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالغانلىقتىن، مەزكۇر دىپلومات ئۆلۈۋالغان.(4) ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەزكۇر ئىدارە يەنە شاڭخەيدە ئوقۇۋاتقان بىر نەپەر ئامېرىكالىق ئوقۇغۇچىغا CIA غا ۋە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە خىزمەت ئىلتىماسى سۇنۇشى ئۈچۈن پۇل بەرگەن بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك ئامېرىكا ئىستىخبارات تارماقلىرى خىتايدا مۇئەييەن مەزگىل ياشىغان كەچمىشكە ئىگە كىشىلەرنى خىزمەتكە ئېلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان.(5) يېقىنقى يىللاردا، مەزكۇر ئىدارە ئامېرىكادا نۆۋەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياكى پېنسىيەگە چىققان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ۋە ئاخباراتچىلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىندەككە كەلتۈرگەن ۋە سەزگۈر ئۇچۇرلارنىڭ بەدىلىگە ئۇلارغا پۇل بەرگەن. (6)

ئىنژېنېرلىق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە جى سۇفۇ كەسپىي ھاياتىنى مەخسۇس ئۇلترا قىزىل نۇرلۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا يېتەكلەش سىستېمىسى (missile-guidance systems) تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتلەق مەخپىي تەجرىبىخانىدا باشلىغان.(7) سىياسىي ئىشەنچلىكلىكى ۋە ھوشيارلىقى كۆپ يىللىق ھەربىي خىزمەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان كادىرلار 1980 ـ يىللاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خىزمەتچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئىنژېنېر جى سۇفۇ تۇيۇقسىز كەسىپ ئۆزگەرتىپ، شاڭخەيدىكى شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىگە چېتىشلىق ئىدى.

بۇ شىركەتلەر نامدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قارمىقىدىكى «شاڭخەي شەھەرلىك تاشقى سودا كومىتېتى»نىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەت شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ تىزگىنىدىكى غايەت زور سودا ئىمپېرىيەسىنى يوشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئاددىي نەيرەڭ ئىدى، خالاس. بۇ شىركەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىنالارنى ئىشلىتەتتى. ئىنچىكە كۆزەتكەندە، بۇ شىركەتلەرنىڭ «خوجايىنلىرى»نىڭ ئىستىخبارات خادىمى ئىكەنلىكى مەلۇم بولاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنى ۋە قارار چىقارغۇچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان نىقاب تەشكىلاتلارمۇ بار ئىدى. سىز شاڭخەيلىك «سودىگەر جاسۇس»لار ھەققىدە شۇنچىكى يىپ ئۇچىغا ئېرىشسىڭىزلا، پۇل-پۇچەك، چىرىكلىك ۋە يوشۇرۇن ھەرىكەتلەردىن تەركىب تاپقان جانلىق مەنزىرە كۆز ئالدىڭىزدا زاھىرلىنىدۇ.

خىتايدا، مەمۇرىي ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭمۇ، ھەربىي ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭمۇ مەملىكەت مىقياسىدىكى چوڭ شەھەرلەردە تارماقلىرى بار. بۇ تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشخانا ئەسلىھەلىرىنى

سېتىۋېلىش ياكى قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق نورمال ئىشلىرىدا، «مەمۇرىي نىقاب» (administrative cover) دېيىلىدىغان ئۇسۇلدىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز شاڭخەيدىكى مەلۇم بىر قاۋاقخانىدا جەلپكار ھەربىي ئىستىخبارات خادىمىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئۇ ئۆزىنى «شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ 5-ئىشخانىسىدا ئىشلەيمەن» دەپ تونۇشتۇرۇشى مۇمكىن.(8) شاڭخەيدە بۇ خىل نىقاب ئىشخانىدىن كەم دېگەندە 13 ى، گۇاڭدوڭدا 18 ى بار.(9) بۇ ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئوخشىمىغان نومۇردىكى ئىشخانىلارنى ئىزدەش ئاسانغا توختايدۇ. سىزنىڭ ئىزدەۋاتقىنىڭىز يا ھەربىي جاسۇس، يا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسى بولۇشى مۇمكىن.

شاڭخەيدە، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان تۆتىنچى ئىشخانىسى دەل ئاشۇ خىل شەرتكە چۈشىدۇ. شاڭخەينىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى رەسمىي تەتقىقاتتا، تۆتىنچى ئىشخانىنىڭ «نىقاب شىركەتلىرى»نىڭ «ئالاھىدە كەسىپ» بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، ئەمما تىجارەت قىلمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.(10) تۆتىنچى ئىشخانىدىكى مەلۇم بىر خادىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەزكۇر شەھەرنىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتىغا، يەنى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىگە قاراشلىق كۇلتۇرەل نىقاب تەشكىلاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.(11)

سودا خاتىرىسى شاڭخەيدىكى جاسۇسلۇق تورى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۆتىنچى ئىشخانىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر چوڭ شىركەت بېزەك ئېقىمى (Arts Décoratifs) ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە سېلىنغان، ئىسپانچە ئۇسلۇبتىكى «ئەنتىڭ داچىسى» (安亭别墅) دېگەن بىنادا تىزىمغا ئالدۇرۇلغانىدى. بۇ بىنا ئىلگىرى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالىنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى بۇ شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەندە مۇسادىرە قىلىنىپ، كېيىن يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان شەھەرلىك بىخەتەرلىك تارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.(12)

لېكىن، بۇ شىركەت ئەنتىڭ داچىسىغا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان بىردىنبىر نىقاب تەشكىلات ئەمەس ئىدى. تېجەشچانلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن ياكى ئۆزگە زىيادە ئىشەنگەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر، خىتاي ئىستىخبارات تارماقلىرى ئۆزلىرىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن ئادرېسلارنى دائىم تەكرار ئىشلىتىدۇ. «شاڭخەي يېڭى ئەسىر ئىجتىمائىي تەرەققىيات فوندى» دېگەن ساخاۋەت ئاپپاراتىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ئادرېسىمۇ ئوخشاشلا ئەنتىڭ داچىسىدۇر. گەرچە بۇ فوند ھازىر ئۆز مۇددىئاسىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەقسىتى كونا ھۆكۈمەت خاتىرىسىدە كۆرسىتىلگەن «پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىگە پائال ھەمكارلىشىشىنى قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش» ۋە «دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش»تىن ئىبارەت نىشاندىن ئۆزگەرمىدى.(13) رەسمىي خاتىرىلەردە يەنە مەزكۇر فوندنىڭ «شاڭخەي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئۇيۇشمىسى»غا دوكلات بېرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەزكۇر ئۇيۇشما خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر

كۆرستىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە نىقاب تەشكىلاتى بولمىش «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ تارمىقىدۇر.(14)

مەزكۇر فوندنىڭ توردا ھېچقانچە ئۇچۇرى يوق باشقا نىقاب شىركەتلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ساخاۋەت ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چوقۇم ھۆكۈمەتنىڭ ئوچۇق-يورۇقلۇق ۋە ئاشكارىلاش بەلگىلىمىلىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. مۇھىمى، مەزكۇر فوندنىڭ بەزى ئاشكارا ھۆججەتلىرى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ مەخپىيلىكى تۈزۈك نەزەرگە ئېلىنماستىنلا يېزىۋېتىلگەندەك قىلاتتى. مەسىلەن، خاتىرىلەردە بۇ فوندنىڭ مۇدىرىيەت يىغىنلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ رۇيىنىڭ يولىدىكى 1-نومۇرلۇق بىنادا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ شاڭخەيىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان خۇاڭپۇ دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى ئېگىز بىنادۇر.(15) غەلىتە يېرى شۇكى، قۇرۇلۇش كۆلىمىدىن قارىغاندا ئون مىڭ خادىمنى سىغدۇرغۇدەك چوڭلۇقتىكى بۇ ئىمارەت توغرىسىدا ھېچقانچە ئۇچۇر يوق ئىدى.(16)

بىر نەپەر يەرلىك تاكسىچى بۇ بىنادىن ھەيران بولۇپ، تورغا شۇنداق دەپ يازغان:

بۈگۈن مەن بىر يولۇچىنى رۇيىنىڭ يولىدىكى 1-نومۇرلۇق بىنانىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدۇم. بۇ بىنا بەكلا چىرايلىق بولۇپ، ئۈستى بىلەن ئاستى تار، ئوتتۇرىسى كەڭ ئىدى. لېكىن، بىنانىڭ كىرىش ئېغىزىغا ھېچقانداق تاختا ئېسىلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن يولۇچىدىن: «بۇ نېمە ئىش قىلىدىغان ئورۇن؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ماڭا بۇنىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن مەن قايتىشىمدا ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ، قاراۋۇلدىن بۇنىڭ زادى نېمە ئورۇن ئىكەنلىكىنى سورىۋىدىم، ئۇ: «ئەڭ ياخشىسى سەن بۇنىڭ نېمە ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا قالغىن. سەن بۇ يەرنىڭ نېمە ئورۇن ئىكەنلىكىنى سورىيالمايسەن، ساڭا بىراۋ بۇ ھەقتە جاۋاب بەرگەن تەقدىردىمۇ، بۇنى <ھۆكۈمەت ئورگىنى> دېيىشتىن باشقا گەپ قىلالمايدۇ» دېدى.

بۇ تاكسىچى ئۆزى تېپا يوللىغان مۇنبەردىكىلەردىن: «قانداق ئورگان مۇشۇنچىۋالا مەخپىي ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، توردىكى ئىسمى «milk19860911» بولغان بىرەيلەن: «دۆلەت بىخەتەرلىكى (ئىدارىسى)» دەپ جاۋاب بەرگەن.(17)

دىققەت تارتمايدىغان بۇ ساخاۋەت ئاپپاراتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى ئىزچىل ھالدا قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزلىرى خىزمەت قىلىدىغان ئاپپاراتقا، يەنى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىگە تەۋە ئېگىز بىنادا يىغىن ئاچقان.(18)

ئۇنداقتا، مەزكۇر «ساخاۋەت ئاپپاراتى» زادى نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟ گەرچە بۇ ئاپپاراتنىڭ رەسمىي دوكلاتىدا مۇجمەل ئىبارىلەر ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىر يوشۇرۇن كونتېرتېپكە ئىشارەت قىلىنغان. بىر يىلى، ئۇنىڭ خامچوتىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۇيغۇرچە ۋە تىبەتچىنى راۋان بىلىدىغان «ئالاھىدە تالانتلىقلار»نى شاڭخەيدە «خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش»قا ئىشلىتىلگەن.

گەرچە تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان بىلەن شاڭخەينىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يىراق بولسىمۇ، شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە ئورنى ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن؛ شۇنداقلا چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر ۋە تىبەت جامائەتچىلىكىنى نىشانلىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەزكۇر فوند يەنە «ئېپادىسى كۆرۈنەرلىك» بولغان شەخسلەرنى (بۇلار ئەڭ ئاكتىپ ئىستىخبارات خادىملىرى بولۇشى مۇمكىن) شاڭخەينىڭ سىرتىدا ئائىلە بويىچە «ئارام ئالغاچ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا «تەشكىلاتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئېتىراپى»نى ھېس قىلدۇرغان.(19)

مەزكۇر فوندنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىردىنبىر ئاشكارا بايان شۇكى، بۇ فوند مېيگوڭ دەرياسىنىڭ (بۇ دۇنيادىكى 12-ئۇزۇن دەريا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4909 كىلومېتىر كېلىدۇ. تىبەت ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، بېرما، لائوس، تايلاند، كامبودژا، ۋيېتنام قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ت) بويىدىكى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يىللىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغان. بۇ فوند شاڭخەيدىكى داڭلىق فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ۋيېتنام، بېرما، تايلاند، لائوس ۋە كامبودژالىق يۈزلىگەن نادىر ئوقۇغۇچىلارنى خىتايغا ئەكەلگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردە تىبەتتىن باشلىنىپ، ئۆز دۆلەتلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بۇ دەريا (يەنى مېيگوڭ دەرياسى) دۇچ كەلگەن ئېكولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇشقان.

بۇ مۇسابىقىگە «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ۋە «لەنساڭ دەرياسى-مېيگوڭ دەرياسى ھەمكارلىقى» (بۇ خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندا ئۆز نوپۇزىنى جارى قىلدۇرۇش ئۇرۇنۇشىدۇر) رامكىسىدىن نەزەر سالغان خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرى بۇ مۇسابىقىنى «يۇقىرى دەرىجىلىك تاشقى تەشۋىقات پروجېكتى» دەپ سۈپەتلىگەن. لېكىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۆپىنچە بىرلىكسەپ ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە ئوخشاشلا، بۇ ئىشقىمۇ ئىستىخبارات خادىملىرى ئىشتىراك قىلغان. بۇ شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ مېيگوڭ دەرياسى رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسى رەھبەرلىرىنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى مۇكەممەل پىلانى ئىدى.(20)

بۇ فوندقا پۇل ئىئانە قىلغۇچىلار خۇددى مەزكۇر فوندنى باشقۇرىدىغان نەچچە ئون نەپەر ئىستىخبارات خادىملىرىغا ئوخشاشلا سىرلىقتۇر.(21) بۇ فوندقا دائىم پۇل ئىئانە قىلىدىغانلار مەزكۇر فوندنىڭ ۋەزىپىسىنى قوللايدىغان «سېخىي» شىركەتلەر، يەنى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ نىقاب شىركەتلىرىدۇر. بۇ شىركەتلەر ئۆي-مۈلۈك تىجارىتى، خەلقئارالىق سۇ ترانسپورتى ۋە تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى تىجارىتى قاتارلىقلاردىن ئېرىشكەن پايدىسىنى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىگە بېرىدۇ. بۇ شىركەتلەرنىڭ يەنە مەزكۇر ئىدارىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار فۇنكسىيەسىمۇ بار بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بۇ شىركەتلەر بۇ ئىدارىنى بىخەتەر ئۆي ۋە كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىشى؛ شۇنداقلا بۇ ئىدارىنىڭ ئىستىخبارات خادىملىرى

چەتئەلگە چىقماقچى ياكى كىشىلەرنى جاسۇسلۇققا قوبۇل قىلماقچى بولغاندا، ئۇلارنى ساختا سالاھىيەت بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن.

بۇ فونىدلارغا پۇل ئىئانە قىلىدىغان شىركەتلەردىن بىرى خەينەندىكى «سەنيا نەنشەن گوڭدې فونىدى»دۇر (三亚南山功德基金会). بۇ شىركەت يېقىنقى يىللاردا شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ «ساخاۋەت ئاپپاراتى»غا تەخمىنەن ئالتە مىليون خىتاي پۇلى ئىئانە قىلغان بولۇپ، بۇ مەزكۇر فونىدنىڭ مەبلىغىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.(22) «سەنيا نەنشەن گوڭدې فونىدى»نىڭ رەئىسى سىرلىق ئىستىخبارات خادىمى بولماستىن، يىن شۈن ئىسىملىك بۇددا راھىبىدۇر. بۇ راھىب خىتاينىڭ رەسمىي بۇددىزم ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇنداقلا (بۇ بابنىڭ بېشىدا تونۇشتۇرۇلغان) غايەت زور ئاۋالو كىتسىپ سۆارا بۇتى جايلاشقان نەنشەن بۇتخانىسىنىڭ باش راھىبى بولۇپ، «خەلقئارالىق بوئاۋ مۇنبىرى»دە پات-پات سۆز قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇشبۇ «بۇددىزم» فونىدى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەرمەك پروجېكتىنىڭ (pet projects) ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ «سەدىقە قاچىسى» بولۇپ، بۇ قاچا ئاۋالو كىتسىپ سۆارا بۇتىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن مىليونلىغان بۇددىست تەرىپىدىن تولدۇرۇلىدۇ.

## ياسالما مۇقەددەسلىك

رەسمىي باياناتلارغا كۆرە، خەينەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى 1990-يىللارنىڭ دەسلىپىدىلا بۇ ئارالغا چوڭ كۆلەملىك بۇتخانا سېلىشقا قىزىققان ۋە بۇ بۇتخانىغا «نەنشەن بۇتخانىسى» دەپ ئىسىم قويۇشنى ئويلاشقان. ئۇنىڭ بۇ ئىسىمنى ئويلىشىغا ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان، بۇددا دىنىنىڭ نەنشەن مەزھىپىگە تەۋە بىر راھىبنىڭ ھېكايىسى سەۋەب بولغان. ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇ راھىب كېمە ئارقىلىق ياپونىيەگە بارماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بوران كېمە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئاخىرىدا ئۇنى خەينەن ئارىلىغا ئەكېلىپ قويغان. لېكىن، ئۇ يەنىلا ياپونىيەگە بېرىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەن ۋە ئالتىنچى قېتىمدا ئۇتۇقلۇق ھالدا ياپونىيەگە بېرىپ، ياپونىيەدە خىتاي بۇددىزمىنى تارقىتىدىغان تەسىردار كىشىگە ۋە ۋەزخانغا ئايلانغان. بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى «دوستلۇق» ۋە باردى-كەلدىگە دائىر تەسىرلىك ھېكايە ئىدى.

پارتكوم سېكرېتارى سەنياغا بارغاندا بۇتخانا سېلىشقا مۇۋاپىق ئورۇننى — بۇ ئارقا تەرىپىدە تاغ، ئالدىدا دېڭىز بار، دېھقانلار ئاز بولغان مەنزىرە رايونى ئىدى — تاپقان ۋە ئىش باشلىغان. ئۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە خىتايدىكى بۇددىزم پېشۋالىرىنىڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى نازارەت قىلىدىغان بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئەمەلدارلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. يەرلىك ھۆكۈمەت بۇتخانا سېلىش پىلانىنى تۈزۈپ، غايەت زور ئاۋالو كىتسىپ سۆارا بۇتى ياساشنى بۇ تۈرنىڭ يادروسى قىلىپ بېكىتكەن.

ئۇ چاغلاردا مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەسكە توختىغان. ھالبۇكى، بۇددىزم پېشۋالىرى بۇ ئىشقا ياردىمىنى ئايىمىغان. تەيۋەندىكى نەن خۇەيچىن (Nan Huai_chin) خەينەن ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ بۇ چۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن بىر مىليون دوللار ئىئانە قىلغان. نەن خۇەيچىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن تەيۋەن دائىرىلىرى ئارىسىدا مەخپىي ئالاقىچىلىك رولىنى ئوينىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرىكەتلىرىگە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن شۈ يوڭيۈ (Xu Yongyue) مەسئۇل بولغان. كۆپ يىللىق پىلانلاش، كېڭىشىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، ئاۋالو كىتسىپ سۋارا بۇتى 2003-يىلى تاماملانغان.(23)

ئەمەلىيەتتە، چىرىكلىك، سىر ۋە جاسۇسلار دەسلەپىدىن تارتىپلا نەنشەن بۇتخانىسىدىكى ئاۋالو كىتسىپ سۋارا بۇتى پىلانىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولغانىدى. خەينەن ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بار ئىدى: شۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، ئۇ خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، مەزكۇر مىنىستىرلىق جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن تەڭداش ئاپپاراتتۇر. شۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ شاڭخەيدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغان بولۇپ، بۇ بەلكىم مەزكۇر بۇتخانا پروجېكتىنىڭ ھەممىلا يېرىدە شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىدىكى جى سۇفۇغا ئوخشاش «سودىگەر»لەر دەسلەپكى مەزگىلدىلا بۇ پروجېكتقا ئىشتىراك قىلغان. بۇ ئىدارىنىڭ نىقاب شىركەتلىرى خەينەن ئۆلكىسى ئۆز ئالدىغا تۈلەشتە قىينىلىدىغان چىقىملارنى ئۈستىگە ئالالايتتى. بۇ ئىش ئۈچۈن، شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىدىكى بوغالتىرلار يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە يۇقىرى تەننەرخلىق پائالىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى بۇ يەردە ئوبدان كارغا كەلگەن.(24)

ھازىر بۇ بۇتخانىغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ۋە ئۇنى باشقۇرۇۋاتقان شىركەت شاڭخەيلىك خىلمۇخىل ئەر-ئاياللار بىلەن تولغان. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋە پارتكوم سېكرېتارى شۈ يۆشېڭ (Xu Yuesheng) نەنشەن بۇتخانىسىنىڭ ئىئانىسگە ئېرىشىپ تۇرىدىغان، شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدىكى «ساخاۋەت ئاپپاراتى»نىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرىدىن بىرىدۇر. ھۆكۈمەت خاتىرىلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ باش شتابىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ساخاۋەت يىغىنلىرى»غا قاتناشقان.(25) يەنە بىر ھۆججەتتە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ «شاڭخەي تيەنخۇا ئۇچۇر تەرەققىياتى چەكلىك شىركىتى» دېگەن شىركەت ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ ئادرېسمۇ شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ «رۇيىنىڭ يولى 1-نومۇرلۇق بىنا»دىكى باش شتابىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.(26)

ئەگەر بىراۋ ئىستىخبارات ئاپپاراتىنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان تاملىرىنىڭ كەينىدە كۆرۈلسە، شۇنداقلا ئۇنىڭ نىقاب شىركەتلىرىنىڭ بىرىدە ئىشلىسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىستىخبارات خادىمى بولۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى.

مەزكۇر شىركەتنىڭ خەينەندىكى رەھبەرلىرى ئارىسىدا يەنە شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرى دەپ گۇمان قىلىنغان تۆت نەپەر كىشى بار بولۇپ، فېڭ فۇمىن (Feng Fumin) ئەنە شۇلاردىن بىرىدۇر. ئۇ ئىلگىرى مەزكۇر ئاپپاراتنىڭ سىياسىي بۆلۈمىگە مەسئۇل بولغان بولۇپ، شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى پارتكومىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ راۋان ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە مەزكۇر ئاپپاراتنىڭ ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن دۆلەت ئىچى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. فېڭ فۇمىن مەزكۇر ئاپپاراتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوممۇنىست ئەمەلدارلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە شىركەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدىمۇ، تەشكىلاتنىڭ ئىنتىزامىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دەپ قارالغانىدى.(27)

گەرچە مەزكۇر ئىدارە «نەنشەن ئاۋالو كىتسې سۇارا شىركىتى»دە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىسىمۇ، ئەمما تىجارەت خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئىدارە ئۆزىنىڭ بىر نىقاب شىركىتى ئارقىلىق مەزكۇر شىركەتنىڭ ئاران 0.7 پىرسەنت پېيىغىلا ئىگىدەك قىلاتتى. شىركەتنىڭ قالغان پېيى شاڭخەي بىلەن خوڭكوڭدىكى ئىككى شىركەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى.

بۇ ئىككىلا شىركەتنىڭ ۋۇ فېيفېي (Wu Feifei) بىلەن باغلىنىشى بار بولۇپ، ۋۇ فېيفېي ئۆزىنىڭ تىجارەت ھاياتىنى ھېلىھەم خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئاساسلىق نىقاب شىركەتلىرىدىن بىرى بولغان «خىتاي پەن-تېخنىكا ئۈچۈر ئىمپورت ۋە ئېكسپورت شىركىتى»دا باشلىغان. مەزكۇر شىركەتنىڭ شاڭخەيدىكى تارمىقى ۋۇ فېيفېينىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا يەنە مەخسۇس ئۆي مۈلۈك، مەبلەغ سېلىش ۋە بۇددىزىم ساياھىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يىگىرمىدىن ئارتۇق شىركەت بار.(28) خوڭكوڭدىكى شىركەتكە كەلسەك، بۇ شىركەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم پېيى ۋۇ فېيفېي، شۇنداقلا شۇ يۆشېڭنى (Xu Yuesheng) ئۆز ئىچىگە ئالغان شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا.(29)

بۇ يەردىكى بارچە شەخس ۋە تەشكىلاتلار ئاخىرىدا ئاۋالو كىتسې سۇارا بۇتىدىن ۋە نەنشەن بۇتخانىسىدىن كىرىم قىلىدىغان شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىغا تۇتىشىدىغاندەك قىلاتتى. گەرچە نەنشەن بۇتخانىسى ئۆزىنىڭ «ساخاۋەت ئورگىنى» ئارقىلىق شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىگە قەرەللىك پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ بۇتخانا مەزكۇر ئىدارىنىڭ نىقاب شىركەتلىرىگە ئىئانە قىلىدىغان پۇل بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا پەۋقۇلئاددە كۆپ. «نەنشەن فوندى»نىڭ مالىيە دوكلاتىغا كۆرە، بۇ فوند 2019-يىلى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى

ئىدارىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى شىركەتلەرگە 174 مىليون يۈەن بەرگەن بولۇپ، نەنشەن بۇتخانىسىغا بولسا ئاران ئۈچ مىليون مىليون يۈەن بەرگەن.(30)

### ماركسىزمچى راھىب

نەنشەن بۇتخانىسىنىڭ باش راھىبى، شۇنداقلا مەزكۇر ئىبادەتخانىنىڭ قارمىقىدىكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى قوللىغان «ساخاۋەت ئاپپاراتى»نىڭ مەسئۇلى يىن شۈن يېقى دەۋر خىتاي بۇددىستلىرىنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرىدىندۇر. ھالبۇكى، يىن شۈننىڭ سۆزلىرى بۇددانىڭ سۆزلىرىدىن بەكرەك، شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوچۇق-ئاشكارا خۇشامەتچىلىك قىلىش ھۈنىرى بىلەن ئۆز ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 2017-يىلىدىكى 19-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان خەينەن بۇددىزىم ئۇيۇشمىسىدىكى بىر قېتىملىق سۆزىدە، ئۆزىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ ئۇزۇن نۇتقىنىڭ تېكىستىنى ئۈچ قېتىم كۆچۈرۈپ يازغانلىقىنى پەخىرلىنىش ئىلكىدە تىلغا ئالغان ھەمدە: «مەن ئۇنى يەنە ئون قېتىم كۆچۈرۈپ چىقماقچىمەن» دېگەن. ئادەتتە بۇددىستلار نوم كۆچۈرۈپ يېزىشنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە، يىن شۈن «19-قۇرۇلتاي دوكلاتى زامانىۋى بۇددا نومىدۇر» دېگەن. ئۇنى بىر مىنۇتتا قىرىق خەت يازالايدۇ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنىڭ شى جىنپىڭنىڭ نۇتۇق تېكىستىنى كۆچۈرۈپ بولۇشىغا تولۇق بىر كۈن ۋاقىت كېتىدۇ.

ئەگەر بۇ بۇددىزمنىڭ شى جىنپىڭچە يېڭى پىرقىسى بولسا، يىن شۈن بۇ پىرقىنىڭ راھىب كالانى ۋە خەلقئارالىق ئەلچىسىدۇر. يىن شۈن شى جىنپىڭنىڭ ئىدىيەسى ھەققىدە «چوڭقۇر ئويلىنىش» نەتىجىسىدە مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: «بۇددىزم تەشكىلاتلىرى چوقۇم باش سېكرېتار شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى ئاكتىپ ھالدا ھىمايە قىلىشى، <پارتىيەنى تونۇش، پارتىيەنى سۆيۈش، پارتىيە بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەنىڭ ئىزىدىن مېڭىش> پرىنسىپىغا بويسۇنۇشى كېرەك.»(31)

يىن شۈننىڭ بۇددا راھىبلىقى ئۇنۋانىدىن سىرت، يەنە بىر قاتار سىياسىي قالپاقلىرى بار. ئۇ خىتاي بۇددىزم ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەزكۇر ئۇيۇشمىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ كۆپەيتىپ سايلانغان يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىدىن (senior co-optee) بىرىدۇر. يىن شۈن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شېنجېن شەھەرلىك ۋە خەينەن ئۆلكىلىك بۇددىزم ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسىدۇر.(32) ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ خىتاينىڭ ئالىي بىرلىكسەپ ئاپپاراتى بولمىش «خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى»نىڭ ئەزاسىدۇر.(33) نەزەرىيە جەھەتتە، ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسىدۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ بىرلىكسەپ بۆلۈمىدىن ئىبارەت بۇ

ماشىنىنىڭ چىشلىق چاقلىرىدىن بىرى، يەنى پارتىيەنىڭ نىشانى ئۈچۈن جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان كاسايالىق كادىردۇر.

«خىتايچە» بۇددىزم

يەنە بىر بۇددىزم ئاپپاراتى، يەنى يىن شۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «نەنخەي بۇددىزم ئاكادېمىيەسى»مۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ كونتروللۇقىدىدۇر.

ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بۇددىزم راھىبلىرى مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ ئېچىلىشىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن خەينەن ئارىلىغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئاكادېمىيە ئاۋالو كىتىسې سۋارا بۇتى بىلەن بىر قورۇغا جايلاشقانىدى. مېھمانلار كېيىن بۇددىزمنى ئۆگىنىش ئاپپاراتىغا ئايلىنىدىغان قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ۋاقىتلىق سەھنىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشقانىدى. گەرچە نۇرغۇن ئىمارەتلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى مېھمانلارغا كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما يىن شۈنىنىڭ بۇ ئاكادېمىيە ئۈچۈن نە قەدەر چوڭ پىلان تۈزگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەسې مۇشكۈل ئىدى. بىنانىڭ يېنىدىكى قىيالىقنى پارتلىتىپ، ئاكادېمىيە بىناسى ئۈچۈن ئايۋان ۋە چىغىر يول ئېچىش ئۈچۈن، بۇ يەرگە ئالتە مىڭ دانە كونتروللىنىشچان پارتلاتقۇچ ئورنىتىلغان ھەمدە بۇ جەريانىدا چىقىدىغان توپا-چاڭنىڭ بىناغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قىيالىققا يېشىل تور (green mesh) تارتىلغانىدى.

ئەمەلىي گەۋدە مودېلى (Mock_up) كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان زامانىۋى ــ ئەمما تىپىك خىتايچە ــ قۇرۇلۇش تۈركۈمىنى نامايەن قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە يەنە جىمجىت تىلاۋەتخانا، شۇنداقلا يىراق مەملىكەتلەردىن كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق راھىبنى سىغدۇرالايدىغان ياتاق بىناسى بار ئىدى. دېڭىزغا قارايدىغان مەركىزىي پىيادىلەر يولى قىيانى بويلاپ پەسكە قاراپ، تاكى پورتقىچە داۋاملىشاتتى. ئەينى چاغدا 200 دىن ئارتۇق راھىب بۇ ئاكادېمىيەنىڭ «ئۈنۋان» پروگراممىسىغا تىزىملاتقانىدى.(34)

ئاۋالو كىتىسې سۋارا بۇتى ۋە نەنشەن بۇتخانىسىغا ئوخشاش، ئەڭ ئىلغار سەۋىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئاكادېمىيەمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇشتا شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىگە تايىناتتى. 2019~2020-يىللىرى ئارىسىدا، بۇ ئاكادېمىيەنىڭ مەبلىغى ئارىسىدا كەم دېگەندە 66 مىلىيون يۈەن شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى «ساخاۋەت ئاپپاراتى»دىن كەلگەنىدى.(35)

ھىندىستانلىق كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئاكادېمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ جاكارلىنىشى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇددىزم ساھەسىدىكى نوپۇزىنى ساقلاش جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇنۇشىنى تەكرار كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سالغانىدى. نەنخەي ئاكادېمىيەسى ئۆزىنى ھىندىستاندىكى «نالاندا»غا سېلىشتۇراتتى. نالاندا ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇددىزم مائارىپى ئاپپاراتى بولۇپ،

ئەينى چاغلاردا كورىيەگە ئوخشاش يىراق مەملىكەتلەردىنمۇ زىيارەتچىلەر بۇ يەرگە كەلگەنىدى.(36) بىر قانچە يىل ئىلگىرى، ھىندىستان ھۆكۈمىتى نالاندانىڭ ئۆتمۈشتىكى «شۆھرىتى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى ئامارتيا سېننى (Amartya Sen) ئۆز ئىچىگە ئالغان داڭدار كىشىلەرنى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن، بۇ مەكتەپ 11 ئوقۇتقۇچىسى، 15 ئوقۇغۇچىسى بار، مەكتەپ قورۇسى يوق ھالەتتە ئېچىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەرسلەر ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يىغىن مەركىزىدە ئۆتۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلار مېھمانخانىدا ياتقانىدى.(37) نەنخەي ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇشلىرى 2017-يىلى ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە ئاساسەن پۈتۈپ قالغان بولسا، ھىندىستاندىكى بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى تولىمۇ ئاستا سۈرئەتتە داۋاملىشىۋاتاتتى.(38) خىتاينىڭ قەدىمىي ھىندىستان بۇددىزم ئاپپاراتىنى «تىرىلدۈرۈش» رىقابىتىدە ھىندىستاننى مەغلۇپ قىلغانلىقىنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتى تولىمۇ روشەن ئىدى.

ھىندىستاننى تېخىمۇ بەك چەتكە قېقىش ئۈچۈن، نەنخەي ئاكادېمىيەسى بۇددىزمنىڭ رەسمىي يېزىقى ھېسابلىنىدىغان سانسكرىت يېزىقىدىن ۋاز كەچتى. ئەمەلىيەتتە، سانسكرىتچە سۆزلۈكلەر زامانىۋى خىتاي تىلىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى، چۈنكى خىتايدىكى بۇددىزم نوملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارىلاتتى. ھالبۇكى، مەزكۇر ئاكادېمىيە خىتايچە، تىبەتچە ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى پالى بۇددىزم ئەنئەنىسىگە ئالاقىدار دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.(39)

خىتاينىڭ ھىندىستاننىڭ تەسىرىنى نەنخەي ئاكادېمىيەسىدىن سىقىپ چىقىرىش جەھەتتە تېخىمۇ كونكرېت سەۋەبلىرى بار ئىدى. «نەنخەي» (南海) «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى» (南中国海 — South China Sea) دېگەن مەنىدە بولۇپ، خىتاي بۇ رايوندا مارجان خادا تاشلىرىنى قانۇنسىز ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە ئۇلارنى ھەربىيلەشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق مەزكۇر دېڭىز رايونىغا قارىتا ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان ۋيېتنام، فىلىپپىن ۋە مالايسىياغا ئوخشاش دۆلەتلەرنى كۆزگە ئىلمىدى ۋە ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.(40) خىتاي ئۆز ئالدىغا سىزىۋالغان، مۈجمەل، ئەمما پەۋقۇلئاددە كەڭ چېگرا سىزىقى بولمىش توققۇز سىزىقلىق لىنىيە (The nine-dash line) تولىمۇ سەزگۈر تالاش-تارتىشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى ھىندىستاننىڭ بۇ تالاش-تارتىشقا ئىشتىراك قىلىشىنى قەتئىي خالىمايدۇ.

تەتقىقاتچى جىچاڭ لۇلۇنىڭ (Jichang Lulu) ئېيتقىنىدەك، «مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ <خەلقئارالىق ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك (تېخىمۇ توغرىسى <پارتىيەپەرەسلىك>) خاراكتېرىنى يوشۇرۇپ قالالمىغان»، شۇنداقلا بۇ ئاكادېمىيەنىڭ پائالىيەتلىرى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي كۈنتەرتىپى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئاكادېمىيەنىڭ قۇرۇلۇشى باش سېكرېتار شى جىنپىڭنىڭ «تېخىمۇ دادىل خەلقئارالىق بۇددىزم سىياسىتى»نى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەن.(41) مەزكۇر ئاكادېمىيە ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق باردى-كەلدىلىرى ئارقىلىق، بۇددا دىنىنىڭ چوڭ راھىبلىرىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ

ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن بازىلىق رولىنى ئوينايدۇ.(42) بىرلىكسەپ بۆلۈمى خىتايدىكى دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل باش ئاپپارات بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاينىڭ بۇددىزم ساھەسىدىكى تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ يادروسىدىن ئورۇن ئالغان. شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا، بىرلىكسەپ بۆلۈمى دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنى رەسمىي ھالدا ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دىنلارغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان.(43) مەزكۇر ئاپپارات ھازىر بۇددىزم، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى، كوممۇنىزم ۋە سىياسىي قارا نىيەتكە ئالاقىدار ئىشلارنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل. مەزكۇر ئاپپارات «دىنىي خادىملار» ئارقىلىق چەتئەلدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۆنتەرتىپىنى بازارغا سالسا، دۆلەت ئىچىدىكى بۇتخانا، مەسچىت ۋە چېركاۋلاردا تىلك-تىڭچىلار تورىنى ئىشقا سېلىپ، بىخەتەرلىك تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە چەتئەللەرنىڭ خىتايدىكى دىنلارغا بولغان تەسىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ.(44) نەنخەي ئاكادېمىيەسى رەسمىي سالاھىيەت جەھەتتە، خەينەن ئۆلكىلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىگە قارايدۇ. مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى راھىب ئەمەس، بەلكى يەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ ئەمەلدارىدۇر.(45)

گەرچە بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «خىتاينىڭ خەلقئارالىق بۇددىزم ساھەسىدىكى تەسىر كۈچىنى باشقۇرۇش ۋە كۈچەيتىش»تىن ئىبارەت كۆنتەرتىپى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى خادىملىرىنىڭ «نەنخەي ئاكادېمىيەسى»دىكى پېيى ئارقىلىق قانداق نەپكە ئېرىشىدىغانلىقى قاتتىق مەخپىي تۇتۇلىدۇ. ھەتتا، يىن شۇنمۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نەنشەن بۇتخانىسى ۋە نەنخەي ئاكادېمىيەسى ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەردار بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، جاسۇسلارنىڭ ئاسىيا مىقياسىدا بۇددىست ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپسىلىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار يىن شۇننىڭ نوپۇزىدىن لايىقىدا پايدىلانمىسا ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر رايوندىكى سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلمىسا، ھەتتا بۇ پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلمىسا، ئۇنداقتا ئۇلار تولىمۇ ھاماقەتلىك قىلغان بولىدۇ.

جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقاتچىسى گرېگورىي رايموندقا (Gregory Raymond) كۆرە، خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى بۇددىزم ساھەسىدىكى تەسىر كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى بارغانسېرى قاراتمىلىققا ئىگە ۋە دۆلەت تەرىپىدىن يېتەكچىلىك قىلىنىدىغان بولغان.(46) يىن شۇن كېيىنكى ئەۋلاد راھىبلارنى تەربىيەلەش، شۇنداقلا رايوندىكى نوپۇزلۇق باش راھىب ۋە بۇتخانىلار بىلەن خۇسۇسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق، نەنخەي ئاكادېمىيەسىنىڭ «خىتايچىلاشقان بۇددىزم سىستېمىسى» بەرپا قىلىپ، كوممۇنىست خىتاينى دۇنيادىكى بىردىنبىر بۇددىزم مەركىزىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.(47) خۇددى خىتاي جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا قارىتا ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقىنى دەۋا قىلغاندەك، يىن شۇن ئۆزىنىڭ «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى بۇددىزمى» (南海佛教) ئۇقۇمىنى «خىتاي بۇددىزمى يادرو قىلىنىدىغان،

تەسىرى پۈتكۈل رايونغا يېيىلىدىغان، شۇنداقلا <خىتايچە بۇددىزم>نى ئېكسپورت قىلىدىغان بۇددىزم پىرقىسى» دەپ چۈشەندۈرگەن.(48)

خىتاينىڭ ئاسىيادىكى نۇرغۇن رايونلار بىلەن ئوخشاش بۇددىزم تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ «بىز ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئورتاق قىممەت قاراشقا، ھەتتا ئورتاق كېلەچەككە ئىگىمىز» دەپ جار سېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان.(49) يەنە شۇن خىتاي ھۆكۈمىتىگە يازغان بىر پارچە تەپسىلىي دوكلاتىدا: «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى بۇددىزمى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى رايونىنىڭ <ئورتاق تەقدىر گەۋدىسى> ئۈچۈن كۇلتۇرەل ئاساس بەرپا قىلىدۇ» دەپ يازغان.(50)

شۇ ۋەجىدىن، يەن شۇن ھەر يىلى دۇنيا مىقياسىدىكى بۇددىزم پېشۋالىرى توپلىنىدىغان بىر يىغىن ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، تەيۋەن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بۇددا راھىبلىرى قاتنىشىدىغان بۇ يىغىن «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى بۇددىزمى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى» دەپ ئاتالغان. (51) بۇ يىغىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي تەسەۋۋۇرىنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇددىزم بىلەن ئاساسەن ئالاقىسى يوق. 2019-يىلى ياپونىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى خاتوياما يۇكىيو (Hatoyama Yukio ــ ئۇ دائىم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ تۇرىدۇ) يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىدا ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نى تولۇق قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.(52) يەن شۇنىڭ شۇ قېتىملىق يىغىندىكى سۆزى شى جىنپىڭنىڭ «خىتاينى يادرو قىلغان <ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى>نى بەرپا قىلىش»تىن ئىبارەت ۋەكىل خاراكتېرلىك دىپلوماتىك ئىدىيەسىنى چۆرىدىگەن.(53) خىتايشۇناس نادېگ رولاندىنىڭ (Nadège Rolland) ئىزاھلىشىنىدەك، («ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى» دېگەن) بۇ كالامپاي ئىبارە «خىتاينىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە ۋە ئورنىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان، مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىدىن باشقا بىر دۇنيا تەرتىپى بەرپا قىلىش غەرىزىنىڭ نامايەندىسىدۇر.»(54)

يەن شۇن «خىتاينىڭ خەلقئارا دىنىي ساھەدىكى سۆز ھەققىنى كۈچەيتىش» ئارقىلىق شى جىنپىڭنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان.(55) ئۇ يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ خىتاينىڭ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئاللىقاچان دۇنيا بۇددىزمىنىڭ يادروسىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى» دەلىللىگەنلىكى ھەققىدە جار سالغان. ئەمەلىيەتتە، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىمزالىغان ئەسلەتمىدە ئۇنداق ئىبارىلەر يوق ئىدى.(56) ھالبۇكى، بۇ «ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەن شۇنىڭ بۇ سۆزىگە تولۇق قوشۇلمايدۇ» دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشقان چەتئەللىك ۋەكىللەر دائىم «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نى ۋە «خىتايچە بۇددىزم»نى كۈيلەپ، «بىر خىتاي پرىنسىپى»دا قەتئىي چىڭ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىشىدۇ.(57)

بىر بۇددا، بىر خىتاي، مىلڭ نىشان

يىن شۈن ئاساسلىقى موڭغۇلىيە، تايلاند، كامبودژا ۋە بىرما قاتارلىق بۇددىستلار كۆپ دۆلەتلەرنى نىشانلىغان. بۇ دۆلەتلەردە، باش راھىبلار يا سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ ئورنىنى يوللۇقلاشتۇرىدۇ ياكى ئۇلارغا ئاشكارا قارشى چىقىدۇ. مەسىلەن، رانگون (بىرمانىڭ پايتەختى)دىكى راھىبلار دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ ئىئانىسىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغان.(58)

موڭغۇلىيەدىكى ساينبۇيانگىن نەرگۈي (Sainbuyangiin Nergüi) يىن شۈننىڭ چەتئەلدىكى ئەڭ يېقىن ئالاقىچىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئۇلانباتۇردىكى بىر بۇتخانىنىڭ باش راھىبى بولۇپ، قول ئاستىدىكى نۇرغۇن راھىبلارنى خىتايغا «تەربىيەلىنىش»كە ئەۋەتكەن.(59) يىن شۈن ئۇنى «نەنخەي ئاكادېمىيەسى»گە زىيارەتچى پروفېسسور قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە «جەنۇبىي خىتاي بۇددىزمى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى»غا تەكلىپ قىلغان. 2017-يىلىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىدا، نەرگۈي بۇددا دىنىدىن بەكرەك خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىقتىساد توغرىسىدا توختىلىپ، شۇ قېتىملىق يىغىننى — يىن شۈننىمۇ خىجىل قىلغۇدەك دەرىجىدە — سىياسەتكە باغلىغان. ئۇ موڭغۇلىيەنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا بولغان قايىللىقىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، خىتاينى «دۇنيا بۇددىزمىنىڭ يېتەكچىسى» دەپ ماختىغان. نەرگۈي خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن يىن شۈن بۇددىزمىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىۋاتىدۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنى «دۇنيا مىقياسىدىكى بۇددىزم تەشكىلاتلىرىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇرۇشقا ۋە دىنىي سىياسەتلەرنى بېكىتىش»كە ئۈندىگەن. بولۇپمۇ ئۇ مۇنداق بىر سىياسەتنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن: «بارلىق لامالار ۋە بۇددىزمغا ئىشىنىدىغان دۆلەتلەر <بىر خىتاي سىياسىتى>نى قوللايدۇ. بىزنىڭ بۇددامىز بىر، بىز بىر خىتاي سىياسىتىنى قوللايمىز، شۇڭا بىز بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ تۇرۇۋېتىمىز.» باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «(بۇددىستلار ئۈچۈن) پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىگە ئاۋاز قوشۇش بۇددا دىنىغا ئىشىنىشكە ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە» ئىدى، شۇنداقلا يىن شۈن ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى «ئىناۋىتى»نى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي ئېتىقادىغا باغلاپ قويغاندى.(60)

مۇستەقىل تەتقىقاتچى جىجاڭ لۇلۇنىڭ تەتقىقاتىدا نەرگۈينىڭ مىسالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ بۇددىزمنىڭ تەسىرىنىڭ قانداق قىلىپ تېز سۈرئەتتە سىياسەت ۋە پۇل تېپىشتىن ئىبارەت دەھرىي ساھەلەرگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى نامايەن قىلغان.(61) ساينبۇيانگىن نەرگۈي مۇناسىۋەت تورى تولىمۇ كەڭ بولغان چوڭ جەمەتتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى موڭغۇلىيەدىكى سەرخىللار ھېسابلىنىدۇ. يىن شۈن بىر قېتىملىق موڭغۇلىيە سەپىرىدە، نەرگۈينىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى چوڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغان بولۇپ، نەرگۈينىڭ بۇ قېرىندىشى 2009-يىلى پارىخورلۇق ۋە ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش سەۋەبلىك جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانغا قەدەر ئۇلانباتۇر شەھەرلىك پارلامېنتنىڭ ئەزاسى بولغان. يىن

شۇنگە نىسبەتەن بۇ شىركەت «ئەخلاقىي» جەھەتتە ئەڭ نەمۇنىلىك بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ شىركەت تەمىنلەيدىغان يوشۇرۇن سىياسىي تەسىر كۆرستىش پۇرسەتلىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى. نەرگۈينىڭ ئىلگىرى دىپلومات سۈپىتىدە خىتايغا ئەۋەتىلگەن يەنە بىر قېرىندىشى نۆۋەتتە موڭغۇلىيە سىياسىي سەھنىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ بىر مەزگىل ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، 2021-يىلى موڭغۇلىيەنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، موڭغۇلىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يېتەكچىلىك رولى ئوينىماقتا.(62)

گەرچە بۇ ھەرىكەتلەر بۇددىست ئەللەردە ئەڭ ئۈنۈملۈك بولسىمۇ، لېكىن بۇددىزم غەرب ئەللىرىدىمۇ خېلى كۈچلۈك جەلپكارلىققا ۋە خېلى كۆپ ئەگەشكۈچىلەرگە ئىگە. گەرچە خىتاينىڭ دىنىي باستۇرۇش تارىخى ئۇزۇن، شۇنداقلا خىتاينىڭ بۇددىزم ئاپپاراتلىرىدىكى سەتچىلىك — بولۇپمۇ مەملىكەتلىك بۇددىزم جەمئىيىتىنىڭ رەئىسىنىڭ 2018-يىلى جىنسىي پاراكەندىچىلىك توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەر سەۋەبلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكى — قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتايدىكى باش راھىبلار چەتئەللىكلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى سەلبىي قاراشلىرىنى پەسەيتىش جەھەتتە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە.(63)

بولۇپمۇ، يىن شۈن ئەنگلىيە بىلەن ئىزچىل ئالاقە ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى تونىي بلايېر 2020-يىلىدىكى «جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى بۇددىزمى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى»دا ۋىدىيولۇق سۆز قىلغان.(64) يىن شۈن 2015-يىلى تۇنجى قېتىم ئەنگلىيەنى زىيارەت قىلغان ھەمدە يۇقىرى پالاتادا نۇتۇق سۆزلىگەن ۋە كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلغان.(65) شۇنىڭدىن كېيىن، نەنخەي ئاكادېمىيەسى كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن رەقەملىك بىرلەشمە بۇددىزم مۇزېيى قۇرۇش خۇسۇسىدا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان. يىن شۈن «خىتاي بۇ يەردە سىياسىي غەلىبىگە ئېرىشتى» دەپ جاكارلىماي تۇرالمىغان. مۇزېي پروجېكتى باشلانغاندىن كېيىن، يىن شۈن خەينەندە « كەمبرىج بىر بەلباغ، بىر يول تەتقىقات يۇرتى»نى ئاچقان، ھالبۇكى كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەسمىي تور بېتىدە مۇنداق بىر تەتقىقات يۇرتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق.(66)

يىن شۈن يەنە ئاۋستىرالىيەنىمۇ بىر قانچە قېتىم زىيارەت قىلغان ۋە بىر قېتىملىق سەپىرىدە، بىرلىكسەپ بۆلۈمىگە تەۋە مىلياردېر خۇاڭ شياڭمو (Huang Xiangmo) بىلەن كۆرۈشكەن. خۇاڭ شياڭمو ئاۋستىرالىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەرگە كۆپلەپ پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ تەيۋەننى يۇتۇۋېلىشىنى تەرغىب قىلىدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ مەسئۇلىدۇر. تاراتقۇلارنىڭ خەۋەرلىرىگە كۆرە، ئاۋستىرالىيەنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتلىرى خۇاڭ شياڭمونىڭ «چەتئەلنىڭ ئاۋستىرالىيەگە مۇداخىلە قىلىش ئۇرۇنۇشىغا ئىشتىراك قىلىشقا مايىل» ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋىزىسىنى بىكار قىلىۋەتكەن.(67)

ئەمەلىيەتتە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى يىن شۆن بىلەن ھەمكارلاشقان بىردىنبىر ئىستىخبارات ئاپپاراتى ئەمەس، شۇنداقلا چەتئەلدە (خىتايپەرەس) دىنىي تەشكىلاتلارنى بەرپا قىلغان بىردىنبىر ئىستىخبارات ئاپپاراتىمۇ ئەمەس. خىتاي ھەربىي ئىستىخبارات ئاپپاراتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان «خەلقئارالىق دوستانە ئالاقە ئۇيۇشمىسى» دېگەن نىقاب تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارالىق باردى-كەلدىلىرىگىمۇ باش راھىبلار ئىشتىراك قىلغان.(68) نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ھەربىي ئىستىخبارات ئاپپاراتىغا قاراشلىق بۇ نىقاب تەشكىلات بۇددىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ياپونىيەدىكى يېڭىدىن پەيدا بولغان «ئاگون شۇ» (Agon Shū) دىنىدىكىلەر بىلەن ئىزچىل ھالدا قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن.(69)

شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ يىن شۆننى ۋە خەينەندىكى بۇددىزم ساھەسىنى قوللىشى قانداقتۇر يۇمۇرىستىك تۇيغۇنىڭ ياكى ئېتىقادنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىنچىكە پىلاننىڭ مەھسۇلىدۇر. شاڭخەيدىكى ئىستىخبارات خادىملىرى ئەسلىدە ھېچقانچە بۇددىزم تارىخى بولمىغان خەينەننى بۇددىزمنىڭ تەسىرىنى يايىدىغان ئاساسلىق سۇپىغا ئايلاندۇردى. غايەت زور ئاۋالو كىتسي سۇارا بۇتى مەزكۇر ئاپپاراتنىڭ ئىجادىيلىقى، پاراستى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇددىزم خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سىياسىي مۇھىتى ئامېرىكانىڭكىگە ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە سىڭىپ كىرىشتە دىنىدىن قورال سۈپىتىدە قانداق پايدىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىشتىكى كۆزنەك بولالايدۇ. مەزكۇر ئۆرنەك خىتاي ئىستىخبارات تارماقلىرىنىڭ ئەسلىدىنلا ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرى ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتى سەۋەبلىك دىققەت تارتقان كىشىلەرگە يوشۇرۇن ھەيدەكچىلىك قىلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن مىساللاردىن بىرىدۇر.

خۇلاسە

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا يۈزلىنىش

بېيجىڭدىكى غەربىي تاغنىڭ (西山) جىمجىت كوچىسىغا جايلاشقان «سوغۇقبۇلاق بازىسى» (冷泉基地) خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئەڭ يېڭى جاسۇسلۇق مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ كۆلىمى بەكلا چوڭ. مەكتەپنىڭ قورۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن سەكسەن مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئاۋستىرالىيەنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ باش شتابىدىنمۇ چوڭ چىقىدۇ. بۇ مەكتەپتە لېكسىيە زالى، تىكتاك توپ ئۆيى، مەخپىي خەۋەرلەر ئۆيى، ئىنتايىن چوڭ سۈنئىي كۆل ۋە كۆپ قەۋەتلىك داچا بار. ئويلاشماستىنلا تورغا چىقىرىۋېتىلگەن بىنانىڭ قۇرۇلما تونۇشتۇرۇشىدا، مەزكۇر قۇرۇلۇش تۈركۈملىرىدە ئايرىم «مۇسۇلمانچە ئاشخانا» بارلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ خىتاي دۆلەت

بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇس قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن قانچىلىك ئۇيغۇر ۋە تۈڭگان ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.(1) قۇرۇلۇش تۈركومىنىڭ مەركىزىدە ئالىي مېھمانخانىدىن بىرى بار بولۇپ، بۇ مېھمانخانىنى ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ باشقا مېھمانخانىلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەت باشقۇرىدۇ.(2)

بۇ جاسۇسلار بۇ يەردە پارتىيەنىڭ تەلىماتلىرىنى، كىشىلەرنى قايىل قىلىش، نازارەت قىلىش ۋە ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بەدىنىنىمۇ چېنىقتۇرىدۇ.(3) ئۇلار بازىنىڭ ئىچىدىكى تاغ قىرىدىن ختاي ئارمىيەسىنىڭ ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا مەسئۇل باش شتابىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلار جەنۇبقا قاراپ بىر سائەت ماڭسا، ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تۇنجى بولۇپ CIA دا خىزمەت قىلغان ۋە 1985-يىلى پاش بولۇپ قالغان جاسۇسى جىن ۋۇدەينىڭ (金无怠) قەبرىسىگە يېتىپ بارالايدۇ.(4)

ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ختاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كونا تەربىيەلەش مۇئەسسەسەلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇنى ھەيران قالارلىق ئىلگىرىلەش دېيىشكە بولىدۇ. شاڭخەيدىن بىر سائەتلىك ماشىنا مۇساپىسى يىراقلىقتا جايلاشقان، ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەخپىي ئىنستىتۇتى بىلەن «جياڭنەن ئىجتىمائىي ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئۆزىگە تەۋە قارىغا ئېتىش مەيدانى بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەكتەپ «سوغۇقبۇلاق بازىسى»دەك ھەيۋەتلىك ئەمەس.(5) ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بېيجىڭنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا بازىلىرى كونىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىغان ۋە مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ بارغانسېرى يوغىنىۋاتقان قارا نىيىتىگە ماسلىشالمىغانىدى.

ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى 1983-يىلىدىن بۇيان نۇرغۇن ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ختاينىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنى كۆزىتىدىغانلار ھەممىدىن بەك ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قىزىقىپ كەلدى. دېڭ شياۋپىڭمۇ مەزكۇر ھەربىي جاسۇسلارنىڭ مەستانىسى بولۇپ، ئۇ چەتئەلدىكى نەچچە يۈزلىگەن ھەربىي خادىملارنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى مۇشۇ جاسۇسلارغا تاپشۇرۇپ، ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنى ئەلچىخانىلاردىن چىقىرىۋەتكەنىدى. ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىمى يۈ چياڭشېڭنىڭ (Yu Qiangsheng) 1985-يىلى ئۆزىنى CIA نىڭ قوينىغا ئېتىشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇپ، ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مىنىستىرىنىڭ كەسپىي ھاياتىنى بالدۇرلا ئاياغلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولغان. ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇخبىر سۈپىتىدە چەتئەللەرگە ئەۋەتىلگەن نەچچە ئونلىغان جاسۇسلىرى بۇنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولغان. 1960-يىللاردا، بەزى ختاي «ئاخباراتچىلار» جاسۇسلۇق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى سەۋەبلىك ياپونىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە كىرىشتىن ئاشكارا چەكلەنگەنىدى، لېكىن ھازىر ۋەزىيەت ئۆزگەردى.(6) ختاي دۇنياغا

ئېچىۋېتىلدى ۋە غەرب بىلەن سودا قىلىشقا ئۇرۇندى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىغا نىسبەتەن، ئامېرىكادا قولغا ئېلىنىپ، «خىتاينىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى» دەپ ئەيىبلەنگەندىن ۋە تايىنى يوق ئىشخانا خىزمىتىنى قىلىش قىسمىتىگە مۇپتىلا بولغاندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ چەتئەل سەپىرىنى تىنچ-ئامان تۈگىتىۋالغىنى تۈزۈك ئىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇشۇنداق ۋەزىيەتكە قارىماستىن قانداق تەرەققىي قىلغانلىقى ئەمدىلەتىن ئايدىڭلىششقا باشلىدى. گەرچە مەزكۇر مىنىستىرلىق (دەسلەپكى مەزگىللەردە) چەتئەللەردە ئەركىن پائالىيەت قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت ئىچىدە ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا سىڭىپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. چەتئەلدىكى ھېچبىر كۈچ ئۇلارنى خىتاي زېمىنىدا مەغلۇپ قىلالمايتتى. شۇ ۋەجىدىن، چەتئەللىك نىشانلار ياكى جورج سوروسقا ئوخشاش كەلگۈسى تەھدىتلەر ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا خىتايغا كەلگەندە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى ئۇلارنى نازارەت قىلىش ۋە تىزگىنلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارچە تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغانىدى. مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسى بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقنىڭ ئاۋانگارتى ئىدى. بۇ ئىدارە نەچچە ئونلىغان نىقاب تەشكىلات ۋە شىركەتلەرنى بىۋاستە باشقۇراتتى، شۇنداقلا ئۇ يەنە نۇرغۇن ئورۇنلارغا جاسۇسلارنى ئەۋەتكەنىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى چەتئەللەرنىڭ سىياسەت، مۇزىكا، ئەدەبىيات، ئىقتىساد، ئىلىم-پەن، ئاخبارات ياكى ئاكادېمىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى خىتاي بىلەن بولىدىغان ھەرقانداق «پۇقرالار ئارا» باردى-كەلدىلىرىگە ئىشتىراك قىلاتتى.

خىتاينىڭ ئىقتىساد، ھەربىي ۋە تەمە (ambition) جەھەتتە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىمۇ تەڭ كۈچىيىپ ماڭدى. 1980-يىللاردا، مەزكۇر مىنىستىرلىق تېخى ئەمد.ىلا نىقاب تەشكىلاتلارنى ۋە تورلارنى بەرپا قىلىش جەھەتتىكى ئۇزۇن مۇساپىنى باشلىغانىدى. ھالبۇكى، ئاشۇ مەزگىللەردىلا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى FBI نىڭ ئىستىخبارات مۇلكى كاترىنا لياڭنى ۋە ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەر «ئۆز ئۇچۇر مەنبەيىمىز» دەپ قارىغان باشقا بىر قانچە كىشىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولغانىدى. خوڭكوڭ، ياپونىيە ۋە فرانسىيەمۇ ئۇشبۇ تور بەرپا قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئىدى. تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، مەزكۇر مىنىستىرلىق ئۆزىنىڭ خىتاي دىياسپوراسىغا (چەتئەللەردىكى خىتاي جامائەتچىلىكىگە) سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى ئاشۇردى.

21-ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆز ئا.رتۇقچىلىقىنى- با.يقىدى. مەخپىي ھەرىكەت جەھەتتە، مەزكۇر مىنىستىرلىق يەنىلا CIA ۋە رۇسىيە ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىغا ئوخشاش ماھارەتلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۇ مىنىستىرلىق ئاخىرىدا ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەت سىستېمىسىنى چۈشىنىشكە ھەمدە ئاقىللار ئامبىرى، پېنسىيەگە چىققان

ئەمەلدارلار ۋە سودا ساھەسى قاتارلىق ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاشنىڭ پايدىسىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 1996 ـ يىلى بىل كلىنتوننىڭ قايتىدىن پرېزىدېنتلىققا سايلىنىشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى نومۇسلۇق تەرزدە ئوچۇق ـ ئاشكارا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆز «كارامەت»لىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاخىرىدا، مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ خىتاي ئەلچىخانىلىرىنىڭ سىرتىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلدى. ھازىر بولسا بۇ مىنىستىرلىقنىڭ پۈتكۈل خىتاي مىقياسىدا باشقارمىلىرى بار بولۇپ، بۇ ئاپپاراتلار ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ تايانچ بازىلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرب دۇنياسىنى ياخشى چۈشىنىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد مۇتەخەسسىسلەر خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا يۈكسىلىپ، مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ ئاساسلىق دىققەت مەركىزىنى ئۆكتىچىلەرنى دۇمبالاش ۋە چەتئەللىك زىيارەتچىلەرنى نازارەت قىلىشتىن پائال ھالدا دۇنيانى شەكىللەندۈرۈشكە يۆتكىدى. ھالبۇكى، مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئاساسەن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ھەرقانداق ئۆلكە دەرىجىلىك تارماقلىرىغا ياكى دىپلوماتىك ئۆمەكلەرگە تايانماستىن، ئۆزىنىڭ ئامېرىكادىكى ۋە دۇنيا مىقياسىدىكى خىتاي دىياسپوراسىدىكى تەڭداشسىز تورى ئارقىلىق بۇ خىل ئۆزگىرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

بۇ ئۆزگىرىشلارنىڭ بىرىنچى ئالامىتىلىكى شۇكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى رۇسىيەنىڭ ئىستىخبارات خادىملىرىغا ئوخشاش CIA نىڭ خادىملىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيدىغان كېيىن، مەخپىي مۇئەسسەسەلەرگە بۆسۈپ كىرىدىغان قارام ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماستىن، ئىنچىكىلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، خۇددى كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك، ئۆزىنىڭ مەخپىي سالاھىيىتىگە چىڭ يېپىشتى. ئۇلار تاشقى سىياسەت تەتقىقاتچىسىغا، كۈلتۈرەل ئالاقە خادىملىرىغا، شائىرغا، كىنو ئىشلىگۈچىگە، سودىگەرگە ۋە نەشرىياتچىغا ئايلاندى. ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شۇنداقلا بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مەسئۇلى لىن دى ئېنگلىزچە سۆزلىيەلەيتتى، جون خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئىگە ئىدى ۋە ئامېرىكادىكى خىتاينى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نۇرغۇنىغا تونۇشلۇق ئىدى. لىن دىنىڭ قول ئاستىدىكى نۇرغۇن خادىملارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا چەتئەل تىللىرىنى راۋان بىلەتتى، ئۆز نامىدا نەشر قىلىنغان كىتابلىرى ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى بار ئىدى. شۇنداقلا، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيەدىكى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دىپلومى بار بولاتتى. خىتاينىڭ ئۆتمۈشتىكى بىر قانچە ئەۋلاد جاسۇسلىرى غەربتىكى كاپىتالىستىك سورۇنلاردا بۇ يېڭى جاسۇسلاردەك بىمالال پائالىيەت قىلالمايتتى. بۇ يېڭى جاسۇسلار كۈندۈزى راند شىركىتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، كەچتە ئامېرىكالىق ئايغاقچىلىرى بىلەن بىللە تاماق يېيەلەيتتى. ئەلچىخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاسۇسلارغا ئوخشىمايدىغىنى، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئادەتتە خىتايدا تۇراتتى ۋە ئوخشاش ۋەزىپىنى كۆپ يىل داۋاملاشتۇراتتى. بۇ ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق ئالاقە ئورنىتىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش

ئۇقتىدارىنىڭ ئۈچ يىللا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان «دىپلوماتىك خادىم» سىياقىدىكى جاسۇسلارنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئالاقىچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىتايغا قەرەللىك سەپەر قىلىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، بىخەتەر نىشان ھېسابلىناتتى.

بۇ مېتودلار خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنىڭ غەربتىكى ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تاكتىكا قوللانغانلىقىدىن، دېموكراتىك سىستېملارنىڭ قوغدالمايدىغان جايلىرىغا زەربە بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. FBI مۇرەككەپ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىگە ياكى دۆلەت مۇداپىئە تېخنىكىسىنى ئوغرىلاش قىلمىشلىرىغا قارىتا تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرغاندا، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ۋە باشقا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ھېچقانچە كۆزگە چېلىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربتىكى ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىدا خىتايغا قارىتىلغان خىزمەتلەرگە ئاجرىتىلغان سېلىنما يېتەرسىز ھەمدە خىتايغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە سىياسىي ئىستەك كەمچىل بولغاچقا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ھەرىكەتلىرى ھېچقانچە قارشىلىققا ئۇچرىمىغان. شۇنداقلا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى ئادەتتە يۇقىرى خەۋىپلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۇرەككەپ تاكتىكىلارنى قوللانمايدىغان بولغاچقا، بۇ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسىلىنى خاتا رەۋىشتە سەل چاغلاپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان.(7)

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىكى ئىككىنچى ھالقىلىق ئامىل شۇكى، مەزكۇر مىنىستىرلىق ئۆزۈندىن بۇيان خىتايدىكى تونۇلغان ئەمەلدارلار ۋە تەتقىقاتچىلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۆزىنىڭ نىقاب تەشكىلاتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چىنلىققا ئىگە قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ چەتئەللىك مۇھىم ئەربابلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا يېتەرلىك ئايغاقچىلىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان. بۇ مىنىستىرلىق خىتاي دىياسپوراسىدىكى خىتاي كومپارتىيەسىنى ياقلايدىغان كىشىلەر ئارىسىدا بەرپا قىلغان تور ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ھەرىكەتلىرىدە بازىلىق رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، غەربتىكى ئىستىخبارات خادىملىرى ئۆزۈندىن بۇيان «بۇ تور ئانچە مۇھىم ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ <پەقەت> دېموكراتىيەپەرۋەر پائالىيەتچىلەرنى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقا دۈشمەنلىرىنىلا نىشانلىغان» دەپ قاراپ كەلدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى غەربكە قارشى پائال ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە تەييارلانغاندا، بۇ دوستلار تېخىمۇ بەك كارغا كەلدى. تونۇلغان خىتاي تەتقىقاتچىلار چەتئەل زىيارىتىدە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساختا ھېكايىلىرىنى ئازدۇر-كۆپتۇر چىنلىققا ئىگە قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ چەتئەللەردىكى پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

لېكىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ غەربتە لىبېرال ۋە ئىسلاھاتچى دەپ قارىلىدىغان داڭلىق خىتاي مۇتەپەككۇرلارنى ياللاپ ئىشلەتكەنلىكى مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ ئەڭ ئاقىل

قارارى بولۇشى مۇمكىن. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تاشقى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلغان ئاقىللار ئامبىرى بولمىش «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ يادروسىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، مەزكۇر مۇنبەر خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى مۇنەۋۋەر خادىملارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، ھەتتا گاھىدا پارتىيە رەھبەرلىرىمۇ بۇ مۇنبەرنىڭ پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلغان. بۇ مۇناسىۋەت ئورنىتىش، «پارتىيەنىڭ ئىچكى خىزمەت مېخانىزمى ۋە سەرخىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش»نى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش، شۇنداقلا خىتاينىڭ يۈزلىنىشى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى بۇرمىلاش قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلغان ئۇزۇن مەزگىللىك نەيرەڭ ئىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى خىتاينى مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىگە خىرىس قىلغۇدەك قۇدرەت ۋە ئىقتىدار ھازىرلايدىغان قىممەتلىك ۋاقىتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، غەربنىڭ «ئەركىن ۋە ئېچىۋېتىلگەن خىتاي»غا بولغان ئارزۇسىدىن قورال سۈپىتىدە پايدىلانغانىدى. تەسىر كۆرسىتىش نىشانى قىلىپ تاللانغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ مەخپىي خادىملىرى «خىتاينى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە لىبېراللاشتۇرۇشنى ئويلايدىغان» كىشىلەر ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنى خىتايدىكى مۇھىم لىبېراللار بىلەن ـــ گاھىدا ھەتتا پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن ـــ كۆرۈشتۈرەلەيدىغان، شۇنداقلا (پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى) ئۇششاق خەۋەرلەرنى ئورتاقلىشىشنى خالايدىغان «ئەركىن ۋاكالەتچىلەر» (free agents) ئىدى. بۇ نوقۇل ھالدا خىتايشۇناسلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى غەربتىكى دىپلوماتلار ۋە سىياسەت بېكىتكۈچىلەر ـــ بۇلار خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەخپىي خادىملىرى ئۆزلىرىگە يەتكۈزگەن راست ـ يالغان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە يوللىشاتتى ـــ ئۈچۈنمۇ كارغا كەلگەنىدى. گاھىدا ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكالىق ئالاقىچىلىرىنى ئالداپ، «پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىش پۇرسىتى» بەدىلىگە ئۇلارنىڭ تەيۋەن قاتارلىق ھالقىلىق مەسىلىلەردە خىتاي تەرەپتە تۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۆزلىرىنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى دوستلىرىنىڭ كۆرۈنگىنىدەك ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان كىشىلەرمۇ، ئۇلارنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى «چەتئەللىكلەرنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىشىگە ياردەم بېرىشنى خالايدىغان ئىسلاھاتچىلار» ئىكەنلىكىگە چىنپۈتۈپ قالاتتى.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ رەئىسى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ پېشقەدەم نەزەرىيەچىسى جېڭ بىجيەن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنى خىتاينى چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىشكە تەشنا چەتئەللىكلەر ئۈچۈن «ماگنىت»قا ئايلاندۇردى. ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان تۈتۈمنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى نەزەرىيەسى» بۇگۈنكى «تىنچ تەرەققىي قىلىش» سىياساسىتىدە ھېلھەم داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، بۇ نەزەرىيە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش

ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىزناسىنى قالدۇرغان. بۇ چاغقا كەلگەندە، ئۇلار نوقۇل ھالدا خىتايغا بولغان دوستلۇق ۋە ھېسداشلىقنى تەرغىب قىلىپلا قالماستىن، «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» نەزەرىيەسىنى بازارغا سېلىشقا باشلىغانىدى. خىتاينى چۈشىنىشتىكى بۇ خىل ئەندىزە ھېنرىي كىسىنگېر ۋە گولدمەن ساكس شىركىتىنىڭ سابىق قوشماق مۇدىرى جون سورنتون — بۇ ئىككىيلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى مەخپىي ۋاستىچىلەر ئىدى — قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى ۋە ئالقىشلاندى. غەربتىكى خىتاينىڭ كەلگۈسىدىن زور ئۈمىد كۈتىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر نەتىجىدە (خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تۈزگەن) مەخپىي پىلان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا باشلىدى.

غەرب ئەللىرىگە قارىتىلغان ئاشكارا تەھدىت ۋە تاجاۋۇز بارغانسېرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ نورمال بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان نۆۋەتتىكى سىياسىي مۇھىت خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنى تېخىمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

مەسىلە قەيەردە؟

بۇ قەدەر كۆپ، شۇنداقلا تۈزۈكرەك چۈشىنىلمىگەن ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىغا قارىتا، دۇنيا مىقياسىدىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر قايسى تەرزدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قەيەردە مەسىلە كۆرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىش زۆرۈر. چۈنكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەرىكەتلىرى بىمالال ئېلىپ بېرىلغان مۇھىت ھېلىھەم ئۆزگەرگىنى يوق. نېمە ئۈچۈن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىن دىنىڭ ئامېرىكادىكى تەسىردار ئەربابلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا، شۇنداقلا ۋاشىڭتوندىكى دۆلەتلىك ئاخبارات كۇلۇبىدا لېكسىيە سۆزلىشىگە يول قويۇلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاۋستىرالىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى بوب خاۋك خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق شىركەت بىلەن سودا قىلغاندا، ھېچكىم بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدىكى دىپلوماتلار خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەخپىي خادىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈچۈر مەنبەسى دەپ قاراشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە شۇ دىپلوماتلارنىڭ دۆلىتىدىكى ئىستىخبارات تارماقلىرى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى بۇ ئىشتىن توسمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن تەجرىبىلىك خىتايشۇناسلار بۇ پائالىيەتلەر توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن غەربتە خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئىستىخبارات تارماقلىرىنىڭ خىرىسىغا ئۇزۇندىن بۇيان سەل قارىلىدۇ؟ يۇقىرىقى بىمەنىلىكلەرگە جاۋاب تېپىش خىتاينىڭ ئىستىخبارات ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر.

بۇ سوئاللارغا ئاددىيلا جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاشۇ جاۋابلارنىڭ بىر قىسمى بولغاندا، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. بۇ بىر

ئايلانما (cyclical) مەسىلىدۇر. ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ھۆكۈمەتلىرىگە ھېساب بېرىدۇ. ھۆكۈمەت بولسا ئۇچۇر توپلاش جەھەتتىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ۋە نىشانلارنى بېكىتىدۇ. ئەگەر سىياسىي رەھبەرلەر خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىسە، خىتاينى تەتقىق قىلىشقا ئاجرىتىدىغان سېلىنمىسىمۇ تەبىئىي ھالدا ئازلايدۇ. «تېرورلۇققا قارشى يەرشارىۋى ئۇرۇش» (The global War on Terror) ھالقىلىق پەيتتە ئامېرىكانىڭ دىققەت نەزىرىنى خىتايدىن بۇرىۋەتتى، ھەتتا غەربتىكى ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى بىلەن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئارىسىدىكى ھەمكارلىققا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى باھالاش ۋە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنى ئالاقىدار مەلۇماتلاردىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئىستىخبارات ۋە تاشقى ئىشلار ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئەمما، ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى لايىقىدا ئادا قىلالمىدى.

بۇ خىل مۇرەككەپلىكنى نەزەردە تۇتقاندا، بەزى ھالقىلىق مەغلۇبىيەتلەر ۋە خاتالىقلار تولىمۇ گەۋدىلىكتۇر.

1. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنى تونۇپ يېتەلمەسلىك مەغلۇبىيىتى

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش مېخانىزمى ھېلىھەم تولۇق چۈشىنىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈشتىكى ئەھۋال ھازىرقىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار ئۇزۇندىن بۇيان بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ چەتئەلگە دائىر جەھەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ كەلدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نوقۇل ھالدا ئىشپىيونلۇق قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇنەۋۋەر خادىملىرىنى ئىشقا سېلىپ، تەسىردار چەتئەللىكلەرنى «خىتاي تىنچ قەد كۆتۈرىدۇ ۋە تەدرىجىي لىبېراللىشىدۇ» دېگەن سەپسەتىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلەر تولىمۇ ئاز بولدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ خىل ھېكايىنى بازارغا سېلىش ئىشىغا قول تىققانلىقى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقا غەرىزى بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە، ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسىتىدە جېك بىجىيەن ئوتتۇرىغا قويغان «ئامېرىكا خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشىگە مەددەت بېرىشى كېرەك» دېگەن پىكىر قوبۇل قىلىندى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينى خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قول تىققۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ، دىققىتىنى ھەمكارلىق ساھەلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇق، تەڭسىز سودا قىلمىشلىرى ۋە ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان تەشۋىشلەرنى كۆرمەسكە سالدى.

ئەگەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى تونۇپ يېتىلگەن بولسا، بۇ ھەرىكەتلەر چوقۇم ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ تامامەن پەرقلىق ئىنكاسىنى قوزغىغان بولاتتى. سىياسىي مۇداخىلىگە تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئىشپىيونلۇققا ۋە تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. چۈنكى، خىتاي

كومپارتىيەسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى كۆپىنچە ھاللاردا مەخپىي ئۆچۈرلارغا ئېرىشىش سالاھىيىتى بولمىغان كىشىلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى جاسۇس قوبۇل قىلىش ئۆزۈنۈشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ شەخسلەر بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇداخىلە قىلىشىنىڭ ئورنىغا، نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆزىتىشنى تاللىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ئۆزۈنۈشلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا چېتىلغان ھامان، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىستىخبارات تارماقلىرى دەرھال بۇ ئىشقا قول تىقىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەتقىقاتچىلارغا ۋە پېنسىيەگە چىققان رەھبەرلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. بۇنىڭدىن سىرت، نۇرغۇن دۆلەتلەردە سىياسىي مۇداخىلە قىلمىشلىرىنىڭ ئۈستىدىن دېلو تۇرغۇزىدىغان قانۇنلار كەمچىل بولغاچقا، مەخپىي ئىستىخبارات خادىملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق پائالىيەت چوقۇم قانۇنسىز ھېسابلىنىشى ناتايىن ئىدى.

مۇداخىلىگە قارشى تۇرۇش قانۇنلىرى (anti_interference laws)، بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ قاراتمىلىقتا ئىگە ھەرىكەتلىرى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ ئوچۇق سىياسەتلىرىدىن سىرت، ئوچۇق-ئاشكارىلىق بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قوراللاردىن بىرىدۇر. ھۆكۈمەت ۋە تاراتقۇلار تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا پاش قىلىش ئارقىلىقلا بۇ ھەرىكەتلەرنى توختىتىپ قويالايدۇ. پاش قىلىش قانچە بۇرۇن بولسا، ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. لېكىن، ئالدى بىلەن ئۇلاردا چوقۇم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى توغرا پەرقلەندۈرگۈدەك ۋە چۈشەنگۈدەك ئىقتىدار بولۇشى كېرەك.

ھازىر سىياسىي مۇداخىلىنىڭ تەھدىتى كەڭ كۆلەملىك تونۇپ يېتىلگەنىكەن، ھۆكۈمەتلەر خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى جەھەتتە بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھۆكۈمەتتىكى تەھلىلچىلەرنىڭ خىزمىتىنى ئۈچ يىلدا بىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى خىتاي ھەققىدە مۇتەخەسسىسلىششكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىتايچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان ۋە ئوچۇق مەنبەلىك تەتقىقاتقا ماھىر يېڭى بىر ئەۋلاد تەتقىقاتچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان پروجېكتلەر تەسىس قىلىنىشى كېرەك. مۇستەقىل تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ جانلىقلىقى ۋە ئىجادىيلىقى بۇ جەھەتتىكى يادرولۇق ئامىل بولۇپ قالىدۇ.

2. خىتاي ۋە ئۇنىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى توغرىسىدىكى قىلپلاشقان خاتا قاراش

تا يېقىنقى مەزگىللەرگىچە، خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغانلار ئارىسىدا قېلىپلاشقان قاراشلار ۋە خاتا چۈشەنچىلەر يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. شۇنداقلا، بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك ئۇلارنىڭ تەھدىتكە سەل قارىشىغا ياكى ئۇنى خاتا چۈشىنىشىگە سەۋەب بولدى. نەچچە ئون يىل مابەينىدە، ئەنە شۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىكلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نۇرغۇن دۆلەتلەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىستىخبارات ۋە تەسىر كۆرسىتىش تورى بەرپا قىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

«مىڭ دانە قۇم دانىچىسى» (thousand grains of sand) نەزەرىيەسى ئەنە شۇ خىل باتىل چۈشەنچىلەردىن بىرىدۇر.(8) مەزكۇر نەزەرىيەنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى «خىتاي نۇرغۇنلىغان <ئىشتىن سىرتقى> جاسۇسلارغا تايىنىپ، غايەت زور مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى توپلايدۇ، ئاندىن بۇ ئۇچۇرلار بىر يەرگە جۇغلىنىپ، كارغا كېلىدىغان ئىستىخباراتقا ئايلاندۇرۇلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. دەماللىققا بۇ جانلىق پىكىر ھەرقايسى دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىگە قارىتا پائال ۋە بايلىق ئاساسى يېتەرلىك ھالدا ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، خىتاي ئىستىخباراتىنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئاشكارىلاش تولىمۇ خەتەرلىك خاتالىقتۇر. خىتايشۇناس پېتىر ماتىس («مىڭ دانە قۇم دانىچىسى»دىن ئىبارەت) بۇ نەزەرىيەنى تەنقىدلەپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر <خىتاي ئىستىخباراتى> ئىستىخبارات تارماقلىرىدىن تارتىپ، كارخانا ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان كارخانىچىغىچە بولغان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئاتالغۇنىڭ ئاساسەن مەنىسى قالمايدۇ.» مەتىسكە كۆرە، بۇ نەزەرىيە ئەمەلىي ئىسپاتلاش جەھەتتە مەغلۇپ بولغان. چۈنكى، بۇ نەزەرىيەدە كەسپىي ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ رولىغا ئېغىر دەرىجىدە سەل قارالغان ھەمدە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ چەتئەللىكلەرنى نىشانلاش جەھەتتە ئۇزۇن تارىخى بارلىقىغا قارىماستىن، دىققەت ئاددىي خىتاي پۇقرالىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن.(9) شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، بۇ خىل قاراشنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى، شۇنداقلا خىتاينى كۆزەتكۈچىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان.

مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر خاتالىق «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەللەردىكى خىتاي دىياسپوراسىغا سىڭىپ كىرىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش — بولۇپمۇ بىرلىكسەپ خىزمەتلىرى ئارقىلىق — ئۇرۇنۇشلىرى بىر قەدەر خەۋپسىزدۇر» دېگەن قاراشتۇر. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ چەتئەللەردىكى ھەرىكەتلىرى ئىزچىل ھالدا ئۆز تەبىرىدىكى «بەش زەھەر»نى، يەنى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنى، تىبەت پائالىيەتچىلىرىنى، تەيۋەنلىك پائالىيەتچىلەرنى، دېموكرات پائالىيەتچىلەرنى ۋە فالۇنگوڭچىلارنى باستۇرۇشقا مەركەزلىشىپ كەلدى.(10) تاكى يېقىنغا قەدەر، ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە دىققەت قىلماي كەلدى. گەرچە بۇ قىلمىشلار پۇقرالارنىڭ ھۆرلۈكىگە دەخلى-تەرۇز قىلغان بولسىمۇ، ئەمما «ئاز سانلىقلارنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرى» دەپ قارالدى.(11) بۇ خىتاي دىياسپوراسى ھەققىدىكى نادانلىقتىن ۋە زىددىيەتلىك پىسخىكىدىن مەنبەلەنگەندى.

دۇنيا مىقياسىدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىتاي دىياسپوراسىغا قارىتىلغان بىرلىكسەپ خىزمەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقى ئەمدىلىكتە ئېغىر ۋە كەڭ دائىرىلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. نۇرغۇن دۆلەتلەردە، خىتاي دىياسپوراسىدىكى تەشكىلات ۋە تاراتقۇلار خىلمۇخىللىقنى يوقاتتى. ئۆتمۈشتە نۇرغۇن تەشكىلاتلار مۇستەقىل ياكى تەيۋەن تەرەپدارى بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئاۋستىرالىيە ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئەڭ تەسىردار خىتاي تەشكىلاتلىرى بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىدىغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ گۇماشتىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلماقتا. يېقىندا ئاۋستىرالىيەدە يۈز بەرگەن سىياسىي مۇداخىلە ۋەقەلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ بىرلىكسەپ تورلىرى ھازىر ئىشپىيونلۇق ۋە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بازىسىغا ئايلىنىپ، خىتاي دىياسپوراسىدىن ھالقىپ، ئاساسىي ئېقىم سىياسىتىگە سىڭىپ كىردى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى تاراتقۇلارغا بولغان نوپۇزى ۋە ئۈندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىغا بولغان مۇتلەق كونتروللۇقى خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى تەشكىلاتلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۇرۇنۇشلىرىنى ھەمدە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇداخىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان جامائەتچىلىكنى تەربىيەلەش ئۇرۇنۇشلىرىنى توسقۇنلۇققا ئۇچراتتى. (12)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# روھىي جەھەتتە كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ تۆت ئالاھىدىلىكى

دوكتور ستىۋىن خايىس

# روھىي جەھەتتە كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ تۆت ئالاھىدىلىكى

دوكتور ستىۋىن خايېس

(نېۋادا فوندى پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، 46 پارچە كىتابى ۋە 650 كە يېقىن ئىلمىي ماقالىسى نەشر قىلىنغان)

<ins>ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار</ins>

بىز ھەركۈنى مەنىۋى كۈچىمىزنى نامايەن قىلىپ تۇرىمىز.

بىز تېخىمۇ كاتتا نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز روھىيىتىمىزگە قانچە چوڭقۇر چۆكۈشكە ئىنتىلسەك، روھىي جەھەتتە شۇنچە كۈچلۈك بولىمىز.

مەنىۋى كۈچىڭىزنى ۋە ئومۇمىي شاد-خۇراملىقىڭىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، روھىي جەھەتتە كۈچلۈك ئىنسانلارنىڭ تۆت ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىڭىزدە مۇجەسسەملەشكە تىرىشىڭ.

بىز زور قىيىنچىلىقلارغا تېز يۈكسەلمە پەۋقۇلئاددە ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان كىشىلەرنى سۈپەتلەشتە دائىم «روھىي جەھەتتە كۈچلۈك» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىمىز-يۇ، ئۆزىمىزنى سۈپەتلەشتە بۇ ئىبارىنى كەمدىن كەم ئىشلىتىمىز. بۇ بەلكىم ئۆز كەمچىلىكلىرىمىزنى ئېنىق بىلگەنلىكىمىزدىن ياكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق، دەپ قارىغانلىقىمىزدىن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەنىۋى كۈچىنىڭ نۇرغۇن شەكىللىرى ۋە تۈرلىرى بار. ئەگەر بىز دىققەت قىلساق ۋە قەيەرگە نەزەر سېلىشنى بىلسەك، ھەر كۈنى ھەم ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى، ھەم ئەتراپىمىزدىكى باشقا كىشىلەردىكى مەنىۋى كۈچكە شاھىت بولالايمىز.

مەسىلەن، سىزنىڭ ئويغانغاندا تولىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلغان، ئەمما خىزمەتكە كېچىكىشنى خالىمىغاچقا، يەنىلا كىيىملىرىڭىزنى كىيگەن ۋاقتىلىرىڭىز بولغانمۇ؟ ياكى سىز ئىشقا ماڭغان يول ئۈستىدە قاتناش قىستاڭچىلىقىدا قېلىپ، ئائىلىكىملەرنى قارغىماقچى بولغان ۋاقتىڭىزدا، باللىرىڭىز ئارقا ئورۇندۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇنداق قىلىشتىن ۋاز كېچىپ باققانمۇ؟ يۇقىرىقى ئىككىلا ئىشنى قىلىشقا مەنىۋى كۈچ كېتىدۇ. ھالبۇكى، كىشىدىن مەنىۋى كۈچ تەلەپ قىلىدىغىنى. نوقۇل سەلبىي كەيپىياتلارلا

ئەمەس. سىز ئۆزىڭىزگە قارىتىلغان ماختاش-تەرىپلەشلەرنى (ئۆزىڭىزنى كەمسىتىدىغانلىقىڭىز قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى) ئاپتوماتىك نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەي، ھەقىقىي تۈردە قوبۇل قىلىپ باققانمۇ؟ ياكى دېلىغۇل بولۇشىڭىزغا قارىماستىن، جورىڭىزنىڭ كۆزىگە مېھىر بىلەن قاراپ باققانمۇ؟ بۇ ھەم مەنىۋى كۈچنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھەر قېتىم سىز تېخىمۇ كاتتا نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز روھىيىتىڭىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈش ئىستىكىنى ئىپادىلىگىنىڭىزدە، مەنىۋى كۈچنى نامايەن قىلغان بولىسىز. سىز بۇنى قانچە كۆپ قىلسىڭىز، روھىي «مۇسكۇل»لىرىڭىز شۇنچە بەك تەرەققىي قىلىدۇ ۋە كەلگۈسىدە نىشانغا بىنائەن ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىقتىدارىڭىز شۇنچە كۈچىيىدۇ.

ئەلۋەتتە، روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش ئۇنچە ئاسان ۋە ئاددىي بولماستىن، بۇ جەريان نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە ھالقىلارغا تولغان. شۇنداقلا، ئۇ سىزدىن شۇ جەرياندا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ جەھەتتە تۆت خىل ئالاھىدىلىك ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، سىز بۇلاردىن ھەرقاندىاق بىرىنى- ئۆزىڭىزدە ھازىرلىسىڭىز، مەنىۋى كۈچىڭىزنىلا ئەمەس، ئومۇمىي شاد-خۇراملىقىڭىزنى ئاشۇرالايسىز. بەلكىم سىز بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئاللىقاچان ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدا كۆرگەن بولۇشىڭىز، يەنە بەزىلىرى بولسا سىزگە تامامەن يوچۇن تۇيۇلۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۆۋەندىكى تىزىملىكنى ئۆزىڭىزنى باھالايدىغان ئۆلچەم ئەمەس، بەلكى يۈكسىلىش پۈرسىتى دەپ قارىغايسىز.

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ تۆت خىل ئالاھىدىلىكى

1. ئۇلار يېڭى مۇمكىنچىلىكلەرگە ئوچۇق مۇئامىلە قىلىدۇ

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر بىرلا لىنىيەگە يېپىشىۋالمايدۇ. ئۇلار قانداق ئويلاش، ھېس قىلىش ياكى تەدبىر قوللىنىش؛ قانداق ئادەم بولۇش؛ زېھنىنى نېمىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش ياكى نېمىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكى توغرىسىدا، شەكسىز ئېتىقادىي، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي ئاساسى بولمىغان دەسلەپكى كۆز قارىشىغا ئېسىلىۋالمايدۇ. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئۆزلىرى بېكىتىۋالغان، ئېنىق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان قائىدىلەرگە قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىشنىڭ ئورنىغا، تېخىمۇ ئوچۇق كېلىدۇ، تېخىمۇ ئەركىن تاللىيالايدۇ ۋە يېڭى مۇمكىنچىلىكلەرنى بايقاش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئوخشىمىغان ئويلارغا ئىگە بولالايدۇ. ئاپتوماتىكلاشقان تەپەككۇر ئۇلارغا ئايرىلىشنى تەلقىن قىلغاندا، ئۇ جايدا مۇستەھكەم تۇرالايدۇ. مەزكۇر تەپەككۇر بىر نەرسىگە چەك يېپىشىشنى تەلقىن قىلغاندا بولسا، ئۇ ئاشۇ نەرسىدىن ۋاز كېچەلەيدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل تەپەككۇر ۋە

قىلمىش ئادىتى سەۋەبلىك، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك كەچمىشلەرگە — مەيلى كۆڭۈللۈك، ياكى كۆڭۈلسىز بولسۇن — تىركىشىش ياكى يېپىشىشتىن خالىي ھالدا، توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ.

ئەمدى، مېڭىڭىزنىڭ بۇ ئۇچۇرلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. چۈنكى، كىشى ئاسانلا «مەن چوقۇم يېڭى ئېھتىماللىقلارغا ئوچۇق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك» (مەسخىرىلىك يېرى، بۇ ھەم كىشى ئۆز-ئۆزىگە تاڭىدىغان ئاساسسىز قائىدىلەردىن بىرىدۇر) دېگەن قىلتاققا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۆز تەپەككۇرىڭىزغا بويسۇنۇشىڭىز ئورنىغا، ئاشۇ خىيالنىڭ ئاڭ بوشلۇقىڭىزدا قانداق قاناتلانغانلىقىغا دىققەت قىلالايدىغان-قىلالمايدىغانلىقىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئەگەشمەستىن، ئۇنىڭ ئاڭ بوشلۇقىڭىزدا مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇڭ. سىز يېڭى ئېھتىماللىقلارنى سىناش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى «چوقۇم» بويسۇنۇش كېرەك بولغان قائىدىگە ئايلاندۇرۇۋالماڭ.

## 2. ئۇلار كارغا كېلىدىغان چارىلەرنى تاللايدۇ

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر يېڭى تاكتىكىلارنى قوبۇل قىلىشقا ئوچۇق مۇئامىلە قىلىپلا قالماستىن، دائىم ئەڭ كارغا كېلىدىغان چارىنى تاللايدۇ. بۇ ئاڭلىماققا تولىمۇ ئاددىي تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئالاھىدىلىك بىر قانچە خىل تارماق ماھارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىشنى يېڭىدىن باشلىغۇچىلارغا نىسبەتەن، ئوبيېكت — مەيلى ئۇ نىشانلىرىڭىز ياكى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق قىممەت قاراشلىرى بولسۇن — بىلىش زۆرۈر. ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا، يۆنىلىشىڭىز چوقۇم ئوپئوچۇق بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، سىز ئىشنىڭ دەسلەپىدىلا «تىرىشىش»نىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ يەنە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئۆزلۈك ئېڭى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن نىشانغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ياكى ئۆز-ئۆزىڭىزنى ئالداۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلەيسىز.

نىشانىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش خۇسۇسىدا مەخسۇس تەربىيەلەنگەن روھىي ساغلاملىق مۇتەخەسسىسى بىلەن ھەمكارلىشىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى، سىز ئاسانلا تېخىمۇ چوڭقۇر نىشانلىرىڭىزنى ۋە قىممەت قاراشلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىڭىز ياكى ھېچقانداق ئىلگىرىلىيەلمىگەن تۇرۇقلۇق، ئىلگىرىلەۋاتىمەن دەپ قاراپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر دەماللىققا بۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتىڭىز بولمىسا، ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ ياردىمىدە نىشانىڭىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىڭىزنى ۋە ياكى (ئەقلىيفون ئەپلىرى قاتارلىق) ئۇسكۈنىلەر ئارقىلىق ئوبيېكتىپ پىكىر ئېلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇنۇملۇك ھالدا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، ئىشەنچلىك ئىنكاس سىستېمىسىنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم.

## 3. ئۇلار ئۇتۇقلۇق ئادەتلەرنى (successful habit) يېتىلدۈرىدۇ

سىز ئىلگىرى ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدىكى ماقالىلەرنى ئوقۇپ باققان بولسىڭىز، تۆۋەندە نېمە دېيىلىدىغانلىقىنى پەملەپ بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش تاسادىپىي ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس. ئەكسىچە، سىز ئۆزىڭىزنى تاللىغان نىشانلىرىڭىزغا قاراپ ئىلگىرىلىتىدىغان تەرزدە سىجىل ھەرىكەت قىلسىڭىز، ئاندىن روھىي جەھەتتە كۈچلۈك ئادەم بولالايسىز. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا «سىجىل»لىقتۇر. چۈنكى، بىرەر قېتىملىق ئۇرۇنۇش مۇتلەق كۆپ قىسىم ھاللاردا ئۈزۈن مۇددەتلىك ئۈنۈم يارىتالمايدۇ. پەقەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەرىكەتلەرنى (successful action — كىشىنىڭ بەخت-سائادىتىگە، شەخسىي تەرەققىياتىغا ياكى نىشانغا يېتىشىگە ئاكتىپ ھەسسە قوشىدىغان ھەرىكەت ياكى پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، ت) ئادەتكە ئايلاندۇرغاندا ئاندىن مەنىۋى كۈچىڭىزدە، ھەتتا پۈتكۈل ھاياتىڭىزدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايسىز.

مەنچە، سىز ئىشنى ئاستا-ئاستا باشلاڭ. ئالدى بىلەن، «ھەركۈنى ئاستا يۈگۈرۈش» دېگەندەك مەلۇم بىر ئىشنى تاللاڭ، ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىڭ. ئۇنى شۇ قەدەر كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىڭكى، ئۇنى قىلماسلىق سىزگە بىمەنە تۇيۇلىدىغان بولسۇن. مەسىلەن، ھەركۈنى بىر مىنۇت ئاستا يۈگۈرۈپ، ئاندىن ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا ئارزۇ قىلىنغان ئاخىرقى نەتىجىگە ئەمەس، بەلكى سىجىللىق شەكىللەندۈرۈشكە كۆچەشتۇر. ئۆزىڭىزگە «ئون كۈنلۈك خىرىس» ۋەزىپىسى تاپشۇرۇپ، ھەركۈنى سىزنى ئالغا سىلجىتىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىڭ. بۇ تىرىشچانلىقلىرىڭىزدا مۇئەييەن دەرىجىدە سىجىللىق ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكىدىن چوڭراق نىشانغا يۈرۈش قىلسىڭىز بولىدۇ.

## 4. ئۇلار ئۆز مۇھىتىغا ماسلىشالايدۇ

ئەڭ ئاخىرىدا، روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئۆز مۇھىتىغا ماسلىشىدۇ. ئۇلار ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن مۇكەممەل شارائىتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار يەنە ئۇنۇمىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئۇرۇنۇشلىرىنى قارىغۇلارچە داۋاملاشتۇرۇۋەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار ناھايىتى جانلىق كېلىدۇ. ئۇلار مەۋجۇت شارائىتنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ چامىسىنى توغرا پەملەپ، ئاندىن ئۆز ھەرىكەتلىرىنى ۋە ئۇمىدىنى شۇنىڭغا ماس ھالدا تەڭشەيدۇ-دە، شۇ ئارقىلىق مەۋجۇت ئىچكى-تاشقى شارائىتلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، داۋاملىق رېئال سەۋىيەدە ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

مەلۇم بىر خىل ئەھۋالدىكى توغرا تاللاش يەنە بىر خىل ئەھۋالدا ئاپەت خاراكتېرلىك تاللاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئەگەر سىز ماشىنىنى بەلگىلەنگەن سۈرئەتتىن ئاشۇرۇپ ھەيدىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ۋە باشقىلارنى يارىلىنىش، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپىگە ئۇچراتقان بولىسىز. ھالبۇكى، ماشىنىدا

جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بىرەيلەن بولسا، ئۇنى ئەڭ يېقىن دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئۈچۈن، سۈرئەتنى ئىمكانقەدەر تېزلىتىش ئەڭ توغرا تاللاشتۇر. خېلى كۆپ ئەھۋاللاردا، نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى شۇ چاغدىكى ئارقا كۆرۈنۈشكە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك ئىنسانلار بۇنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنى تەكرار-تەكرار تەڭشەپ تۇرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/get-out-of-your-mind/202311/four-qualities-of-mentally-strong-people





# بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ ئارىسىدىكى نەيرەڭۋازلىقلار

دېيۋىد ئىگناتىيۇس

# بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ ئارىسىدىكى نەيرەڭۋازلىقلار

دېيۋىد ئىگناتىيۇس

«ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى»نىڭ چەتئەل مەسىلىلىرى ئوبزورچىسى

بۇ ماقالە «ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى»نىڭ توربېتىدا ئېلان قىلىنغان

يېقىندا خىتاي ۋە ئامېرىكا دۆلەت باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن باشلىقلار يىغىنىنى ئىككى بوكسچىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇسابىقىسى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. خىتاي رەھبىرىنىڭ بۇ مۇسابىقىدە ھېچقانداق مۇشت ئاتمىغانلىقى ياخشى بولدى، ئەمما ئۇ بەلكىم كېيىنكى ئايلانما ئۈچۈن كۈچىنى تېجەپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى تەمىنلىگەن خەۋەرگە كۆرە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بوكس مۇسابىقىلىرىدىكى «قۇچاقلىشىش»قا (clinch ــ بوكس ياكى چېلىشىش مۇسابىقىلىرىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ياكى بىر تەرەپنىڭ دەم ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە، رەقىبىنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ، ت) ئوخشاتقان. بۇ، يەنى «ئۇزۇنغا سوزۇلغان رىقابەت جەريانىدا ۋاقىتلىق دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تاكتىكىلىق توختاش» بەلكىم مەزكۇر دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدىكى مۇۋاپىق يەكۈن بولۇشى مۇمكىن.

شى جىنپىڭ بىلەن پرېزىدېنت بايدىننىڭ بۇ ئايدا سان فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچرىشىشىدا بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەڭ مۇھىمى، ئىككى رەھبەر دېڭىز ياكى ھاۋادىكى ۋەقەلەرنىڭ ئەجەللىك جەڭگە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قايتىدىن ھەربىي ئالاقە ئورنىتىشقا قوشۇلدى. بۇ خىل ئالاقە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى، ھەربىي قوماندانلار ۋە ئۇرۇش ھەرىكىتى قوماندانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇزاكىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شى جىنپىڭ بۇ جەرياندا ئامېرىكانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا خىتايغا مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا ۋەز ئېيتتۇالدى. بايدىنمۇ خىتاينىڭ فېنتانىلنىڭ ئالدى گەۋدىسىنى

(precursor) ئىشلەپچىقىرىشىنى چەكلەش ۋەدىسىگە ئېرىشتى. ئىككى تەرەپ سۆز جېڭىنى توختىتىپ، ھەر ئىككى تەرەپ مەنپەئەت ئالىدىغان ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

بۇ جەرياندا ئىككى دۆلەت باشلىقى يەنە قارشى تەرەپنىڭ روھىنى چۈشۈرىدىغان گەپلەرنىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر قىلىشتى. ئەھۋالدىن خەۋەردار ئامېرىكالىق بىر ئەمەلدارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بايدىن شى جىنپىڭغا ئۆزىنىڭ ئامېرىكا خەلقى ئارىسىدىكى قوللاش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى راي سىناش نەتىجىلىرىگە پەرۋا قىلماسلىقنى ئېيتىپ، «كەلگۈسى بەش يىلدا داۋاملىق مېنى كۆرىسىز («مەن چوقۇم يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا پرېزىدېنتلىقىغا سايلىنىمەن» دېمەكچى)» دەپ چاقچاق قىلغان. شۇنداقلا خىتاينى كېلەر يىللىق پرېزىدېنتلىق سايلىمىغا مۇداخىلە قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.

ئەھۋالدىن خەۋەردار بۇ ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، بايدىن يەنە شى جىنپىڭنى جەنۇبىي دېڭىزدىكى تاكتىكىسىنى ئەۋجىگە چىقارماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان. ئالدىنقى ئايدا خىتاي دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ پاراخوتى فىلىپپىننىڭ تەمىنلەش پاراخوتى بىلەن سوقۇشۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، بايدىن بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىمۇ ئامېرىكانىڭ فىلىپپىن توغرىسىدىكى بىخەتەرلىك ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

بۇ ئەمەلدارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شى جىنپىڭنىڭ باشلىقلار يىغىنى جەريانىدىكى يۈرۈش-تۇرۇشلىرى سالماق ۋە دادىل بولغان. يىغىننىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىتاي ئەمەلدارلىرى قوللىرىدا خىتاي بايرىقى كۆتۈرگەن نەچچە يۈزلىگەن خىتايپەرەس نامايىشچىنى ئاپتوبۇس بىلەن ئەكېلىپ، شى جىنپىڭ چۈشىدىغان مېھمانخانىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنى قىزغىن قارشى ئېلىشقا بۇيرۇغان.

شى جىنپىڭ بۇ يىل ئۆزىنىڭ خىتاي سىياسىتىگە بولغان كونتروللۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى. مەزكۇر ئەمەلدار «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: خىتاينىڭ سابىق دىپلوماتىيە مىنىستىرى چىن گاڭنىڭ داڭلىق خىتاي تېلېۋىزىيە مۇخبىرى بىلەن ئىش-پەش تارتىشقانلىقى، شۇنداقلا بۇ مۇخبىرنىڭ چىن گاڭدىن بولغان بالىلىرى ئۈچۈن ئامېرىكا گراژدانلىقىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ چىن گاڭنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. شى جىنپىڭ يەنە خىتاينىڭ سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى لى شاڭفۇنى (Li Shangfu) ۋە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى راكېتا قىسمىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى گېنېرالنى ھەربىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش جەھەتتىكى چىرىكلىك مەسىلىسى سەۋەبىدىن ۋەزىپىدىن قالدۇرغان.

شى جىنپىڭنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، (بوكس مۇسابىقىسىدىكى) «قۇچاقلىشىش» ئامېرىكاغا قاراتقان تۇتۇم جەھەتتىكى شۇنچىكى تاكتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشى ئاستىلىماقتا، شۇڭا شى جىنپىڭ تەڭپۇڭلۇق ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئاز ۋاقىتقا موھتاج. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ شى جىنپىڭ ئويلىغاندىن

كۈچلۈك ۋە بەردەم رىقابەتچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شى جىنپىڭنىڭ سان فىرانسىسكودا ئامېرىكا سودا ساھەسىدىكى ماگناتلارغا قىلغان سۆزىدە ئېتىراپ قىلغىنىدەك: «ئامېرىكا ئۆز ئىقتىسادىنى قايتىدىن جانلاندۇرماقتا.»

شۇڭلاشقا، قارىماققا خىتاي (ئۆزىنىغا سوزۇلغان بۇ بوكس مۇسابىقىسىدە) كۈچەپ مۇشت ئېتىۋېرىپ، ئۆزىنى بەك بالدۇر ھالسىرىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بىر نەچچە ئايلانما كۈچ تېجەش ئارقىلىق قايتىدىن كۈچ يىغماقچىدەك قىلىدۇ. ئۇ ئامېرىكانىڭمۇ (كۈچەپ مۇشت ئېتىۋەرمەي) ۋاقتىنچە ھۇجۇمنى پەسەيتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شى جىنپىڭ ئامېرىكالىق چوڭ شىركەت خوجايىنلىرىغا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىز قارشى تەرەپنى ئاساسلىق رىقابەتچىمىز، ئەڭ مۇھىم گېئوپولىتىك خىرىس ۋە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان تەھدىت دەپ قارىساق، بۇ چوقۇم خاتا سىياسەتكە، خاتا ھەرىكەتكە ۋە خاتا نەتىجىگە سەۋەب بولىدۇ.»

خىتايشۇناسلار شى جىنپىڭنىڭ بۇ تۇتۇمىنى خىتاينىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تەڭشەلگەن ئامىۋى ئوبرازىنىڭ ئەڭ يېڭى باسقۇچى دەپ قارىماقتا. خىتاينىڭ دېڭ شياۋپىڭ دەۋرىدىكى نەچچە ئون يىللىق تېز زامانىۋىلىشىش جەريانىدىكى تاكتىكىسىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ: «كۈچنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈش» (韬光养晦) دېگەن مەشھۇر سۆزىگە يىغىنچاقلاشقا بولاتتى. بۇ خىل ئېھتىياتچانلىق ئامېرىكانىڭ خىتاينى سودا ۋە تېخنىكا جەھەتتە يۆلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشىغا ياردەم بەرگەنىدى.

شى جىنپىڭ 2012-يىلى خىتاي رەھبىرى بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۇرۇشخور تۇتۇم ئىزھار قىلىپ، خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش تەمەسى بارلىقىنى جاكارلىدى. بۇ يېڭى سىياسەت خىتاينىڭ ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي كۈچ كۆرسىتىش ئىقتىدارى ھەققىدە جار سالغان «جەڭ بۆرىسى» ناملىق فىلىمنىڭ نامىغا تەقلىد قىلىنغانىدى. ئۆتكەن ئون يىلدا، خىتاي ئۆزىنىڭ چەتئەلدىكى مەنپەئەتىنى زورايتىش جەھەتتە «كۈچنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈش»نىڭ ئورنىغا ئاتالمىش «جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى»نى قوللاندى.

ھازىر، شى جىنپىڭ نۇرغۇن تەھلىلچىلەرنىڭ نەزىرىدىكى «دۇنيا سەھنىسىدە زىيادە ھوقۇق قوغلىشىش» سەۋەبلىك ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى خىتايدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ۋاقتىنچە تاكتىكىلىق «دەم ئېلىش»نى قارار قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر ئامېرىكا ئەمەلدارىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ئەزالىرىغا قىلغان ئىچكى يولىيورۇقىدا ئېيتقىنىدەك، «قوچاقلىشىش» ئامېرىكادىن ئىبارەت رەقىب بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاشتۇر.

شى جىنپىڭ سان فىرانسىسكودىكى باشلىقلار يىغىنىدا «يەر شارى ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا يەتكۈدەك دەرىجىدە چوڭ» دېدى. ئىلاھىم شۇنداق بولغۇسى. ھازىرچە، سان فىرانسىسكو باشلىقلار يىغىنىنىڭ قىممىتى «ئۆزىنىغا سوزۇلىدىغان ئامېرىكا-خىتاي رىقابىتىنى مۇۋاپىق

چەك ئىچىدە ساقلاپ قېلىش ۋە رىقابەت قائىدىلىرى ھەققىدە تېخىمۇ ياخشى كېلىشىش» بولغاندەك قىلىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ھېكمەتيار ئىبراھىم

مەنبە:

https://www.washingtonpost.com/opinions/2023/11/29/us-china-competition-pause/

تۈگۈنلەر ۋە يېشىملەر



# ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە روھىي ساغلاملىق



نوئام شپانسىر

# ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە روھىي ساغلاملىق

دوكتور نوئام شپانسېر

(ئوتېربېين ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە پروفېسورى، ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى پەرزەنت تەربىيەسى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشكەن)

ئامېرىكادىكى ياشلارنىڭ ھالى قەتئىي ياخشى ئەمەس. گەرچە ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەش، ئۆسمۈرلەرنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تاماكا چېكىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ساغلاملىق تەھدىتلىرى پەسەيگەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە «روھىي ساغلاملىقنىڭ ناچارلىقى»دىن ئىبارەت يېڭى تەھدىت پەيدا بولدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، 2021-يىلى كۈزدە، ئامېرىكا بالىلار كېسەللىكلىرى ئاكادېمىيەسى، ئامېرىكا بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەر روھىي كېسەللىكلەر ئاكادېمىيەسى ۋە بالىلار دوختۇرخانىلىرى ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەت مىقياسىدا بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي ساغلاملىقىنىڭ «جىددىي ھالەت»كە (emergency) كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

روھىي ساغلاملىقنىڭ بۇ دەرىجىدە ناچارلىشىشىغا زادى نېمە سەۋەب بولغان؟ بۇ ھەقتە، تەتقىقاتچىلار بىر قانچە خىل ئېھتىماللىق ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بولۇپ، پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنىڭ يىمىرىلىشى بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. ياشلار كېلىمات ئۆزگىرىشى، يەر شارىۋى مۇقىمسىزلىق، مالىيەۋى مۇشكۈلاتلار، (پۇقرالارنىڭ قورال-ياراغ ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىغان ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە پات-پاتلا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان) بىمەنە قورال زوراۋانلىقى، تېزگىنىدىن چىققان سۈنئىي ئىدراكنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى دېگەندەك ئەقىلگە ئۇيغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەلگۈسىدىن تەشۋىشلىنىدۇ. خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىمۇ ياشلاردىكى يالغۇزلۇق، بېسىم ۋە قورقۇنچنى كۈچەيتىۋەتتى.

بەزى كۆزەتكۈچىلەر يەنە پىسخىكا جەھەتتە ئاجىز ئەۋلادلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىن بولغان مەۋجۇت پەرزەنت تەربىيەلەش مېتودلىرىنى ئەيىبلىمەكتە. ھالبۇكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا كۇلتۇرىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىدىكى «قانال» ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش زۆرۈر. ئۇلارنىڭ بالىلارغا كۇلتۇرەل قىممەت قاراش، ئۆرپ-ئادەت ۋە ۋاستىلەرنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار. كەڭ دائىرىلىك نورمال ئىقتىدار دائىرىسىدە، بالىلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا ۋە تەرەققىياتىغا قوشىدىغان تۆھپىسى جەھەتتە ئاتا-ئانىلار بىر-بىرىنىڭ (يەنى مەلۇم بىر ئائىلىدىكى ئاتا-ئانا يەنە بىر ئائىلىدىكى ئاتا-ئانىنىڭ) ئورنىنى باسالايدۇ. ئەگەر بىزنى ئاتا-ئانىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى بېقىپ چوڭ

قىلغان بولسا، كۆپىنچىمىز يەنىلا ئوخشاش چوڭ بولغان بولاتتۇق (بۇ يەردە ئاپتور «ئوخشاش بىر جەمئىيەتتە كۆپىنچە ئادەم نىسبەتەن ئوخشاش قىممەت قاراشلارغا ئىگە بولىدۇ ۋە پەرزەنتلىرىگىمۇ شۇ خىل قىممەت قاراشلارنى يەتكۈزىدۇ، شۇڭا بۇنىڭ نەتىجىسىدە پەۋقۇلئاددە زور پەرق كۆرۈلمەيدۇ» دېگەن نۇقتىنى يورۇتماقچى بولغان. دەرۋەقە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوخشاش جەمئىيەت ئەزالىرىدا خېلى زور ئورتاقلىقلار تېپىلىسىمۇ، ئەمما شەخس بىلەن شەخس، ئائىلە بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدا مەيلى ئەقىدە-ئېتىقاد، سۈپەت-ساپا، ياكى ئەستايىدىللىق-تەلەپچانلىق قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، ئالەمشۇمۇل پەرقلەر بولۇشى مۇمكىن بولغاچقا، ئۇلار تەربىيەلىگەن باللاردىمۇ زور پەرقلەر كۆرۈلىدىغانلىقى ھەممىمىز رېئاللىقتا شاھىت بولۇپ كېلىۋاتقان ئەھۋالدۇر، ت)

شۇ ۋەجىدىن، ئاتا-ئانىلار ھەققىدە توختالغاندا، ئەمەلىيەتتە كۇلتۇر ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقان بولىمىز. ھازىرقى ئامېرىكا كۇلتۇرى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك رىقابەتكە تولغان، تۇراقسىز، چاك-چېكىدىن بۆسۈلگەن، زوراۋان، شۇنداقلا قورقۇنچقا تولغاندۇر. يېڭى سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكالىق ئاتا-ئانىلار باللىرىغا ئوخشاشلا تەشۋىشلىك ۋە چۈشكۈن ئىكەن. ئامېرىكالىقلاردىكى بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى بۇ خىل كۇلتۇرەل رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۇسۇل ھەم تەشۋىشكە تولغان، ھەم بىخەتەرلىكنى مەركىزىي نۇقتا قىلغان. بۇ تولىمۇ چاتاق ئەھۋالدۇر، چۈنكى بىخەتەرلىك تەشۋىشى مەركىزىي نۇقتىغا ئايلانسا، باللارغا «دۇنيا خەتەرلىك، باللار ئاجىز، شۇنداقلا ئاجىزلىقى باللارنىڭ كىملىكىنىڭ يادرولۇق تەركىبىدۇر» دېگەنلەرنى تەلقىن قىلغان بولىمىز. ئىلگىرىمۇ يازغىنىمدەك، باللارغا دۇنيانىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تەلقىن قىلىشنىڭ ئۇلارغا پايدىسى يوق. بىراۋ ئۆزىنى ئۆز ئاجىزلىقى بىلەن تەبىرلىسە، تەبىئىيلا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تۆۋەن چاغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

يېقىندىن بۇيان، تەتقىقاتچىلار ئۆز دىققىتىنى «يانفون ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ يامرىشى»دىن ئىبارەت يەنە بىر ئاساسلىق گۇماندارغا ئاغدۇرۇشتى. تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە ئەقلىيفونلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئومۇملىششى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. دەرۋەقە، بۇ يېڭى تېخنىكىنىڭ بەزى ئىجابىي ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە تەسىرلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك سەلبىي تەرىپى — بولۇپمۇ ئۇنى كۆپ ئىشلىتىدىغان ياشلارغا نىسبەتەن — بارلىقى شەكسىز.

مەسىلەن، ھازىر ئىجتىمائىي تاراتقۇلار دەسلەپتە ئۇنىڭدىن كۈتۈلگەن ئۈمىدلەرنى ئاقلىيالمىدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلار تۇرلۇك يېڭى سادالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەھنە ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە، ھازىر ئۇ بارلىق سادالارنى ئايرىۋېتىلگەن، تار بوشلۇقلارغا بەند قىلدى (يەنى ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرى كۆپ خىل ۋە سىغدۇرۇشچان سۆھبەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئورنىغا، كىشىلەرنى مەۋجۇت ئېتىقادى، كۆز قارىشى ۋە نۇقتىئىنەزىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدىغان، ئېغىر دەرىجىدە قۇتۇپلاشقان

بېكىنمە تور مەھەللىلىرىگە بەند قىلدى، ت). بۇ ئىجتىمائىي رىشتىنى ئاجىزلاتتى. ھازىر ھەممىمىز تەڭ كۆرىدىغان، باشتىن كەچۈرىدىغان ياكى قوشۇلىدىغان ئىش قالمىدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئوخشاش پىكىردىكى كىشىلەرنى بىر يەرگە توپلايدىغان بولغاچقا، بىز ئەمەلىيەتتە بۇ سۇپىلار ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىمىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمىز. دەسلەپتە ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى كىشىلەرنى بىر-بىرىگە تېخىمۇ بەك باغلايدۇ، دەپ قارالغانىدى. ئەمما ئىجتىمائىي ئالاقە توربىدا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان كىشىلەر ئۆزىنى تېخىمۇ بەك يالغۇز ھېس قىلماقتا.

بۇنىڭدىن سىرت، ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە مېخانىزمى ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن.

مەزمۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلار دۇنيانى بىر تەرەپلىمە ۋە بۇرمىلانغان تەرزدە تەسۋىرلەيدۇ. مەزمۇن كۆرۈش قېتىم سانىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بولغاچقا، ئۇ ئىستېمالچىلارغا ئۇلار ئېھتىياجلىق، ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم ياكى ياخشى مەزمۇنلارنى ئەمەس، بەلكى ئۇلار قىزىقىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنى كۆپرەك تەۋسىيە قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا نۇرغۇن ئەخلەت مەزمۇنلار بار. ئەمما، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ھەقىقىي قىممەتلىك مەزمۇنلارنى توپلاش ۋە تەۋسىيە قىلىش مېخانىزمى بولمىغاچقا، ئىشەنچلىك مەزمۇنلارنى ئىشەنچسىز ئۇچۇرلاردىن ئايرىش بەسىي مۇشكۈل. ساختا، خاتا ياكى يامان غەرەزلىك مەزمۇنلار ھەممە يەرنى قاپلىغان. ئەمما، بۇ تاراتقۇلار ياشلارنى ھەقىقەتنى يالغاندىن، پاكىتنى توقۇلمىدىن، چوڭقۇر مەزمۇنلارنى پارچە-پۇرات ئۇچۇرلاردىن، ھەتتا ھەقىقىي ئادەمنى پاراڭلىشىش روبوتلىرىدىن ئايرىدىغان پەرقلەندۈرۈش قورالى بىلەن تەمىنلىمەيدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ مەزمۇنى ھەم بەك تاسقالغان، ھەم تۆۋەك تاسقالمىغان. بەك تاسقالغان دېيىشىمىزدە، (كىمنىڭ نېمىلەرگە قىزىقىشى مۇمكىنلىكىنى) ھېسابلاش ئۇسۇلى (algorithm) سىزنى پەقەت قىزىقىشىڭىز مۇمكىن بولغان مەزمۇنلار بىلەنلا تەمىنلەيدۇ. تۆۋەك تاسقالمىغان دېيىشىمىزدە، ياشلار بۇ سۇپىلاردا ئەسلىدە ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىشى كېرەك بولغان مەزمۇنلارنى كۆرەلەيدۇ. ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئۇچۇرلىرى باللارغا بەك كىچىك چېغىدىلا، ئىنتايىن شىددەتلىك تەرزدە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ خۇددى مۇسابىقە ماشىنىسىنى 12 ياشلىق باللغا ھەيدەشكە بەرگەندەكلا خەتەرلىك ئىشتۇر.

مېخانىزم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تاراتقۇ بۇ جەھەتتىمۇ بىر تالاي مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇدىكى ئۇچۇر ئېقىمى كېچە-كۈندۈز، 24 سائەت توختىماي داۋاملىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ۋىدىيولۇق ۋە ئاۋازلىق يېڭى ئۇچۇرلارغا ھەرۋاقىت ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل «مول تاللاش» ئىمكانىيىتىنىڭ ئارقىسىغا تولىمۇ ئېچىنىشلىق مۇناداق بىر رېئاللىق يوشۇرۇنغان: ئىجتىمائىي تاراتقۇ سىزگە (قايسى مەزمۇننى كۆرۈش جەھەتتە) نۇرغۇن ئۇششاق تاللاش ئىمكانىيەتلىرىنى بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىزنى — مەيلى ئىجتىمائىي تاراتقۇدىكى ياكى باشقا يەردىكى — تېخىمۇ

مۇھىم تاللاش ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ (يەنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا لاغايلاپ يۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي تەرزدە يۈكسەلدۈرەلەيدىغان باشقا نۇرغۇن مۇھىم ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالماي قالىسىز، ت). سىز ئېكراننى سىيرىشتا، تۆتىېر يازمىلىرىنى يوللاشتا تامامەن ئەركىن. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سىز ئىجتىمائىي تاراتقۇسىز ياشىيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالىسىز.

مېخانىزم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئامېرىكادىكى يېمەكلىك ساھەسىگە ئوخشايدۇ. يېمەكلىك ساھەسىنىڭ مۇددىئاسى بىزنىڭ ساغلاملىقىمىزنى قوغداش ياكى ياخشىلاش بولماستىن، بىزگە تېخىمۇ كۆپ يېمەكلىك سېتىشتۇر. بۇ ساھە ئىزچىل بىزنىڭ ئىشتىھايىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلدى. بىز ئەسلىدىنلا تاتلىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەتتۇق. چۈنكى، ئۇ ياخشى ئوزۇقلۇققا، پىشقان مېۋىلەرگە ۋە كۆكتاتلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. كېيىن، بىز بارغانسېرى كۆپ يەيدىغان بولۇپ كەتتۇق. (خۇددى كۆپ يېيىش تولۇقتا ياشايدىغان «ئاقسۆڭەك»لەرنىڭ ئىشىدەك) ئاز يېيىش «ئاچارچىلىق زامانلاردىكى چارىسىزلىكتىن بولغان» دېيىلدى. يېمەكلىك ساھەسىدىكىلەر ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەردىكى تاتلىق تەركىبنى چىقىرىپ، ئۇنى باشقا ناچار نەرسىلەرگە قوشۇپ پىششىقلاپ ئىشلىدى ۋە بىزگە شۇ نەرسىلەر يېگۈزدى. نەتىجىدە، ئەسلىدىنلا تاتلىق نەرسىگە ئامراق بىزلەر تاتلىق تەم كىرگۈزۈلگەن ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى بولۇشىچە يېدۇق.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىجتىمائىي تاراتقۇمۇ سىزنى تەربىيەلەش ياكى يۈكسەلدۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى سىزنى ئۆزىگە بارغانسېرى چىڭ باغلاشنى مەقسەت قىلغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ بىزنىڭ يېڭىلىققا ۋە ئىجتىمائىي بەسخورلۇققا بولغان تەبىئىي ھېرىسمەنلىكىمىزنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئايىغى چىقماس يېڭىلىقلارغا ۋە ئاشقۇن ئىجتىمائىي بەسخورلۇققا تولغان مۇھىت بەرپا قىلدى. ئۆتمۈشتە، يېڭىلىق ئارىلاپ-ئارىلاپ يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئىجتىمائىي تاراتقۇدا بولسا، ھەرۋاقىت يېڭىلىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىز ئىلگىرى ئۆزىمىزنى مەھەللىدىكى ئەڭ چىرايلىق كىشىگە سېلىشتۇراتتۇق. ئىجتىمائىي تاراتقۇدا بولسا، بىز ئۆزىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق كىشىگە سېلىشتۇرىدىغان بولدۇق. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكى، نەتىجىدە بىز ھەرۋاقىت زېھنىمىز ئاللىنېمىلەرگە چېچىلىدىغان، ئۆزىمىزنى ناقابىل ھېس قىلىدىغان ۋە (ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ئايىغى چىقماس ئەخلەت ئۇچۇرلاردىن) مەھرۇم قېلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدۇق.

ئەگەر سىز سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى سىزنى دەرياغا تاشلىۋەتسەم، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، بۇ سىزنىڭ ئەمەس، مېنىڭ خاتالىقىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەن سىزنى ئۆزىڭىز ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بىر مۇھىتقا تاشلاپ قويغان بولىمەن. ئەنە شۇنىڭدەك، يېڭى ۋە كىشىنىڭ «ئىشتىھا»سىغا كۆرە تەييارلانغان ئۇچۇرلار زىنھار ئۆكسۈپ قالمايدىغان بىر مۇھىتتا، كىشىلەرنىڭ بۇ ئۇچۇرلارنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىستېمال قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئۆزلۈك

سىستېمىمىز بارغانسېرى ئۆزىمىز ئىجاد قىلغان تېخنىكىۋى مۇھىتقا تاقابىل تۇرالماس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ياشلارنىڭ قاتتىق بېسىم ئاستىدا قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋاقتىمىز ۋە زېھنىمىزنى سىجىل ۋە ئۈنۈملۈك مەشغۇل قىلىپ، بىزنى باشقا مۇھىم ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى. مەسىلەن، ئۇ بىزنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىمىزنى قىسقارتىۋەتتى. نەتىجىدە، ئۇيقۇنىڭ يېتەرسىزلىكى كەيپىياتىمىزنى ناچارلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي فۇنكسىيەمىزنى ئاجىزلاشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئىجتىمائىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ۋاقتىمىزنىمۇ ئىگىلىۋالدى.

ئىجتىمائىي تاراتقۇ باللارنى كىشىلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشتىن كېلىدىغان روھىي ئوزۇق ۋە بۇ جەريان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماھارەتلەردىن خالىي هالدا، تۆگىمەس يېڭىلىق ۋە جەلپ قىلارلىق كەچۈرمىشلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ناچارلاپ، غېرىپلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

كىملىك ۋە قىممەت قاراش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پىسخىكىلىق يېتىلىش ھەمىشە جىسمانىي تەرەققىياتنىڭ ئارقىدا قالىدۇ. ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ياشلارنىڭ كىملىك ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرىلا، ئۇلارنى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارغا غەرق قىلىپ، گاڭگىرىتىپ قويىدى.

ئۇنداقتا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش مۇمكىن؟ ئىنسانىيەتنىڭ تاماكا چېكىش مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئويلاڭ: بىز تاماكىنىڭ قەيەردە (ۋە كىمگە) ئېلان قىلىنسا، سېتىلسا ۋە ئىشلىتىلسە بولىدىغانلىقىغا چەك قويدۇق. شۇنداقلا، بىز ئۇنىڭ تەننەرخىنى ئۆستۈردۇق. بىز ئاممىغا تاماكىنىڭ زىيىنى توغرىسىدا تەربىيە بەردۇق ھەمدە تاماكا شىركەتلىرىنىڭ ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى سوتتا جاۋابكارلىققا تارتتۇق. بىز تاراتقۇلاردا تاماكا چەكمەيدىغانلارنى ئۇلگە كۆرستىش ئارقىلىق «تاماكا چېكىش مودىدۇر، جەلپكارلىقتۇر» دېگەندەك باتىل سەپسەتىلەرگە ھۇجۇم قىلدۇق. شۇنداقلا، شەخسلەرنىڭ تاماكا تاشلىشىغا ياردەم بېرىدىغان پروگراممىلار ۋە قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇردۇق.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرىنى كونترول قىلىشتىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ قاتلاملىق تىرىشچانلىق كۆرستىشكە موھتاجمىز. كىمنىڭ قانداق مەزمۇنلارنى كۆرەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا چوقۇم بەلگىلىمە بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىشنىڭ خەۋپى توغرىسىدا ئاممىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بەزى مۇھىتلاردا ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى ئىشلىتىشنى چەكلەيدىغان بەلگىلىمىلەر بولۇشى كېرەك. ھازىر مەكتەپلەردىن نۇتۇق پروگراممىلىرىغىچە خىلى كۆپ جايلاردا يانفون ئىشلىتىش چەكلەندى. مەكتەپلەردە چوقۇم ئىجتىمائىي تاراتقۇ ساۋاتلىرى توغرىسىدا

مەجبۇري دەرسلەر تەسىس قىلىنىشى كېرەك. سورۇنلاردا تېلېفون ئىشلىتىش خۇددى يەرگە تۈكۈرۈشكە ئوخشاشلا مەدەنىيەتسىزلىك، دەپ قارىلىشى كېرەك.

ئىجتىمائىي تاراتقۇنى چەكلەشكە مايىل ماكرو مۇھىت بەرپا قىلىنىپ، خەلقمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا «ئاقارتىلغان»دىن كېيىن، ئاتا-ئانىلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى ساغلام تەرزدە ئىشلىتىش ئادىتىنى يولغا قويۇش ۋە ۋە بالىلار شۇنداق ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ پايدىسىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈپ، زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش مۇمكىن بولغۇسى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/insight-therapy/202307/social-media-and-mental-health-an-adverse-relationship


بىز باشقىلاردىن ئۆزىمىز
كۈتكەننى كۆرىمىز

# بىز باشقىلاردىن ئۆزىمىز كۈتكەننى كۆرىمىز

گوللاندىيە نېرۋا ئىلمى تەتقىقات يۇرتى

بىز ئىجتىمائىي ئالاقە قىلغاندا، مەسىلەن باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ياكى پاراڭلاشقاندا، باشقىلارنىڭ قىلمىشىنى كۆزىتىشىمىز پەۋقۇلئاددە مۇھىم. لېكىن، بۇ جەرياندا مېڭىمىزدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ مېڭىمىزنىڭ پەرقلىق بۆلەكلىرى بىر-بىرى بىلەن قانداق «پاراڭلىشىدۇ»؟ گوللاندىيە نېرۋا ئىلمى تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق قىزىقارلىق جاۋابنى ئوتتۇرىغا قويغان: بىزنىڭ باشقىلارنىڭ قىلمىشىغا بولغان تونۇشىمىز ئىلگىرىكى كۆز قاراشلىرىمىزدىن بەكرەك، بىزنىڭ نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە بولغان ئىستىكىمىزگە باغلىقتۇر.

تەتقىقاتچىلار بىر مەزگىلدىن بۇيان، مېڭىمىزنىڭ باشقىلارنىڭ قىلمىشىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. مەسىلەن، بىز باشقىلارنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى كۆزەتسەك، مېڭىمىزنىڭ ئۆزىمىز شۇ ئىشنى قىلغاندا ئاكتىپلىشىدىغان بۆلۈكى ئاكتىپلىشىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر بۇ مېڭە بۆلەكلىرىنى تۆۋەندىكىدەك مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئاكتىپلىشىدۇ دەپ قارايدۇ: باشقىلارنىڭ بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى كۆرسەك، ئالدى بىلەن كۆرۈشچان مېڭە رايونلىرىمىز (visual brain regions) ئاكتىپلىشىدۇ، ئاندىن بىز (باشقىلار قىلغان) ئاشۇ خىل ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تۆپە قانات (Parietal lobe) ۋە ئالدىنقى ھەرىكەت رايونى (Premotor cortex) ئاكتىپلىشىدۇ.

تەتقىقاتچىلارغا كۆرە، كۆزىمىزدىن ئۆز ھەرىكىتىمىزگىچە بولغان بۇ خىل ئۇچۇر ئېقىمى بىزنى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل چۈشەنچە ئىنسان ۋە مايمۇنلارنىڭ تەجرىبىخانىدىن ئىبارەت بىكىنمە مۇھىتتا «پىچاقنى قولغا ئېلىش» دېگەندەك ئاددىي ھەرىكەتلەرنى كۆرگەن چاغدىكى مېڭە پائالىيەتلىرىنى ئۆلچەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. رېئاللىقتا بولسا ناشتىلىق تەييارلاش دېگەندەك ھەرىكەتلەر ئادەتتە بىكىنمە مۇھىتتا تۇيۇقسىزلا يۈز بەرمەيدۇ. ئۇلار مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان تەرتىپ بويىچە، ئاخىرقى نىشان ئەستىن چىقىرىلمىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنداقتا، مېڭىمىز بۇنى زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟

كرىستىيان كېيسېرس (Christian Keysers) ۋە ۋالېرىيا گازولا (Valeria Gazzola) باشچىلىقىدىكى، چىن چاۋيى (Chaoyi Qin)، فرېدرىك مىكون (Frederic Michon) ۋە باشقا خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقات گۇرۇپپىسى بىزنى مۇنداق بىر قىزىقارلىق جاۋاب بىلەن

تەمىنلىگەن: ئەگەر بىز ھەرىكەتلەرنى بۇ خىل مەنىدار تەرتىپتە (meaningful sequence) كۆزىتىدىغان بولساق، كۆزىمىز كۆرگەن نەرسىلەر بارغانسېرى مېڭىمىز تەرىپىدىن نەزەردىن ساقىت قىلىپ، مېڭىمىز ئۆز ھەرىكەت سىستېمىمىزدىن مەنبەلەنگەن «ئەمدى مۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەن پەرەزگە بەكرەك تايىنىدىغان بولۇۋالىدۇ.

بۇ ھەقتە، مەزكۇر تەتقىقات تۈرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزاسى ۋە مۇشۇ ئىنستىتۇتتىكى ئىجتىمائىي مېڭە تەجرىبىخانىسىنىڭ مۇدىرى كرىستىيان كېيسېرس «(ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ئورنىدا ئۆزىمىز بولغان تەقدىردە) كېيىنكى قەدەمدە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىمىز مېڭىمىزنىڭ <كۆرگىنى>گە ئايلىنىدۇ» دەيدۇ. مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئومۇملاشقان چۈشەنچىگە زىت بۇ يەكۈننى چىقىرىشتا ياپونىيەدىكى جىچى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، داۋالاش مەقسىتىدىكى ئىچكى ئاجراتما ئېلېكتروفىنوگرافىيە تەتقىقاتىغا قاتناشقان تۇتقاقلىق بىمارلىرىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىۋاسىتە ئۆلچەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

بۇ خىل تەكشۈرۈشتە باش سۆڭىكىنىڭ ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئاستىغا قويۇلغان ئېلېكترود ئارقىلىق چوڭ مېڭىنىڭ ئېلېكترلىق پائالىيەتلىرى ئۆلچىنىدۇ. بۇ تېخنىكىنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ مېڭە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ئېلېكترلىق پائالىيەتلەرنى بىۋاسىتە ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر تېخنىكىدۇر.

كلىنىكىدا، بۇ خىل تېخنىكىدا تۇتقاقلىق كېسەللىكىنىڭ ئېنىق مەنبەسىنى تاپقىلى بولىدىغان (ئەمما، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل ئېلېكترود مېڭە يۈزىگە بىۋاسىتە چاپلىنىدىغان بولغانلىقتىن، ئوپېراتسىيە خەۋپى يۇقىرى) بولغاچقا، ئۇ دورىغا چىداشلىق (medication_resistant) تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلار ئۈچۈن ئاخىرقى تاللاش سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، (بىمارلارنىڭ مېڭىسىگە ئاشۇ خىل ئېلېكترود چاپلىنىپ بولغاندىن كېيىن) دوختۇرلار بىمارلارنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ قوزغىلىشىنى كۈتۈش جەريانىدا، بىمارلار چوقۇم دوختۇرخانىدا ياتقىدا كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك بولغاچقا، تەتقىقاتچىلار ئارىلىقتىكى مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، مېڭە خىزمىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى يۇكسەك زامان ۋە ماكان توغرىلىقىدا كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

تەجرىبە جەريانىدا، ئىشتىراكچىلاردىن ئادەتتە بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ناشتىلىق تەييارلاش ياكى كۆڭلەكنى قاتلاش قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقان ۋىدىيوسىنى كۆرگەن. بۇ جەرياندا، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئېلېكترلىق پائالىيىتىنى چوڭ مېڭىنىڭ ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىشكە مەسئۇل رايونلىرىغا ئورنىتىلغان ئېلېكترودلار ئارقىلىق ئۆلچەپ، بۇ رايونلارنىڭ ئۆزئارا قانداق «پاراڭ»لاشقانلىقىنى تەكشۈرگىلى بولاتتى.

بۇ تەجرىبىدە ئوخشىمىغان ئىككى خىل ۋىدىيوغا قارىتا سىناق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئاشۇ ئىككى خىل ۋىدىيونى كۆرۈش جەريانىدا چوڭ مېڭىنىڭ پائالىيىتى ئوخشاش بولمىغان. ۋىدىيولارنىڭ

بىرى تەبىئىي — يەنى بىز ئادەتتە ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆرىدىغان ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش — تەرتىپ بويىچە قويۇلغان بولۇپ، ۋىدىيودا بىرەيلەن ئاۋۋال بولكىنى، ئاندىن پىچاقنى قولىغا ئالغان. ئاندىن بولكىنى ياپىلاقلاپ كەسكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سېرىق ماي سۈركىگەن. يەنە بىر ۋىدىيودا بولسا، بۇ يەككە ھەرىكەتلەر قالايمىقان تەرتىپ بويىچە قايتىدىن تىزىلغان. كىشىلەر ئوخشاش بىر گۇرۇپپا ھەرىكەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى خىل تەرتىپ بويىچە قويۇلغانلىقىنى كۆرگەن. لېكىن، پەقەت بۇ ھەرىكەتلەر تەبىئىي تەرتىپتە قويۇلغاندىلا، ئۇلارنىڭ مېڭىسى ئاندىن «سېرىق ماي بولكىغا قانداق سۈرۈلىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ھەققىدىكى بىلىمنى ئىشلىتىپ، كېيىنكى قەدەمدە نېمە ئىش قىلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالىغان.

## ئوخشىمىغان ئۇچۇر ئىقىملىرى

مەزكۇر تەتقىقات ئەترىتى گېرمانىيەدىكى ئېرنست سترۈڭمەن ئىنستىتۇتىدىكى پاسكال فرېيس (Pascal Fries) بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بارغان مۇرەككەپ تەھلىللەر ئارقىلىق شۇنداق بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇۋەپپەق بولغانكى، تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلار قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان تەرتىپتىكى ۋىدىيونى كۆرگەندە، مېڭىدە بىر ئۇچۇر ئىقىمى پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ ئىقىم (كۆز كۆرگەن نەرسىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ دەپ قارىلىدىغان) كۆرۈشچان مېڭە رايونلىرىدىن ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىدىغان تۆپە قانات ۋە ئالدىنقى ھەرىكەت رايونلىرىغا بارغان.

ھالبۇكى، ئىشتىراكچىلار يۇقىرىقى ھەرىكەتلەرنىڭ تەبىئىي تەرتىپتە قويۇلغانلىقىنى كۆرگەندە، مېڭە ھەرىكەتلىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىش كۆرۈلگەن. «بۇ خىل ھالەتتە، ئۇچۇر (ناشتىلىقنى ئۆز ئالدىمىزغا قانداق تەييارلايدىغانلىقىمىزنى بىلىدىغان) ئالدىنقى ھەرىكەت رايونلىرىدىن تۆپە قانات رايونىغا قاراپ ئېقىپ، كۆرۈشچان مېڭە رايونىنىڭ پائالىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلغان. بۇ كىشىلەر گويا ئۆز كۆزى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى <مەن بولغان بولسام مۇنداق قىلاتتىم> دېگەن ئىشنى كۆرىدىغان بولۇپ قالغان» دەيدۇ ۋالېرىيا گازولا.

ئۇلارنىڭ بۇ بايقىشى نېرۋا ئىلمى ساھەسىدىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك مۇنداق تونۇشنىڭ بىر قىسمىدۇر: مېڭىمىز نوقۇل ھالدا سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق كىرگەن ئۇچۇرلارغىلا ئىنكاس قايتۇرمايدۇ. ئەكسىچە، بىزنىڭ مەڭگۈلۈك مۆلچەرلەش ئىقتىدارىغا ئىگە مېڭىمىز بار بولۇپ، ئۇ ھەردائىم كېيىنكى قەدەمدە نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ تۇرىدۇ-دە، ئەسلىدە مېڭىگە كىرىشكە تېگىشلىك

سەزگۈ ئۇچۇرى تـوسقۇنلۇققا ئۇچـرايـدۇ. شۇنـىڭ بـىلەن، بـىز دۇنـيانـى تېشـىدىن ئـىچـىگە قاراپ ئەمەس، ئەكسىچە ئـىچىدىن تېشىغا قاراپ كۆرىمىز. ئەلۋەتتە، ئەگەر كۆرگەنلىرىمىز ئـىستىكىمىزگە توغرا كەلمىسە، ئـىستەكنى مەنـبە قـىلغان تـوسقۇنلۇق مەغلۇپ بـولـىدۇ ـ دە، بـىز ئۆزىـمىز كۆرۈشـنى ئـويـلـىغان نەرسـىنـى ئەمەس، ئۆزىمىز ھەقىقىي كۆرگەن نەرسىنى ھېس قىلالايمىز.

ئىنگىلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://medicalxpress.com/news/2023-11-brain.html



# بالىلارنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتىغا ئائىت بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئون مەسىلە

# باللارنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتىغا ئائىت بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئون مەسلە

ب د ت باللار فوندى (UNICEF)

تۆۋەندىكىسى باللارغا ئالاقىدار ئون مۇھىم مەسىلە بولۇپ، بۇلارنى بىلىۋېلىش ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. باللار ھەققىدىكى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك بولغان ئون مۇھىم مەسىلە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. بوۋاقلار تۇغۇلغاندىن تارتىپلا كۆرەلەيدۇ ۋە ئاڭلىيالايدۇ

بوۋاق ئاپىسى، دادىسى ياكى ئۆزىنى باقىدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ چىرايىنى كۆرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەبەسسۇمىغا ۋە ئاۋازىغا ئىنكاس قايتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىچىك بوۋاق ھەممىدىن بەك ئۆزىنى بېقىۋاتقان كىشىنىڭ چىرايىغا قاراشنى ياخشى كۆرىدۇ. بوۋاقنى باققۇچى بوۋاق تۇغۇلغاندىن تارتىپلا، ھەتتا ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشى كېرەك.

2. كىچىك بوۋاقلار ھەردائىم غەمخورلۇققا ئېرىشىشنى ۋە بېقىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ

بوۋاقلار شۇنچىكى ھەرىكەتكە ۋە ئاۋازغا، ھەتتا ئۆزىنى بېقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ پۇرىقىغىمۇ ئىنكاس قايتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بوۋاقنى بېقىۋاتقان ئادەممۇ بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن بوۋاقنىڭ ئالاقىسى گويياكى كۆكۈللۈك ئويۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق ئورناتقىلى بولىدۇ. بوۋاق ئۆزىنى ھەرۋاقىت تۇتۇپ تۇرىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلدۇرىدىغان ئادەمگە بىخەتەر تەرزدە «باغلىنىدۇ». بۇ مۇناسىۋەت ياكى رىشتە بىر ئۆمۈر داۋاملىشىدۇ.

3. باللار قىزىققاق كېلىدۇ

بوۋاقلار ھاياتىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدىن باشلاپلا، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەمدە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىشنىڭ يوللىرىنى تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئويۇن ئويناش، ئىشلارنى سىناپ بېقىش ۋە بۇ جەرياندا خاتالىشىش، باشقىلارنىڭ قىلغانلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. بالا بىلەن ئۇنىڭ مۇھىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان دائىمىي ئۆزئارا تەسىرلىشىش (interaction) مۇناسىۋىتى مەۋجۇت.

4. باللار ئۆگەنگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىنتايىن كىچىك ۋاقتىدا ئۆگىنىدۇ

مېڭە ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىدىغان مەزگىل تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى مەزگىل ھەمدە تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىلدۇر. بۇ مەزگىلدە ساغلاملىق، ياخشى ئوزۇقلىنىش ۋە غەمخورلۇق ئالاھىدە مۇھىم. ئادەم مېڭىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ سەكسەن پىرسەنتى تۇغۇلغاندىن ئۈچ ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا شەكىللىنىدۇ، بالا بەش ياشقا كىرگەندە بۇ نىسبەت توقسان پىرسەنتكە يېتىدۇ.

5. باللار ئۆگىنىش جەريانىدا بىخەتەر مۇھىتقا موھتاج

باللار توختىماي يېڭى نەرسىلەرنى بايقايدۇ ۋە يېڭى ماھارەتلەرنى ئۆگىنىدۇ. باللار ئويناش ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا، ھەرخىل ھادىسىلەرگە ئۇچراشتىن ۋە يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پاكىز ۋە بىخەتەر مۇھىتقا موھتاج. نۆۋەتتە بەش ياشتىن تۆۋەن باللارنىڭ ئارىسىدا، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى تولۇق قېزىلمىغانلارنىڭ سانى 200 مىليوندىن ئاشىدۇ.

6. باللار تۇنجى ئالىملاردۇر

ئويۇن باللارنى تەپەككۇر ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. باللار قاچا-قۇچا ھەمدە باشقا پاكىز ۋە بىخەتەر ئائىلە بۇيۇملىرىنى ئوينىغاندا، نەرسىلەرنى يەرگە ئۇرۇش، تاشلاش، قاچىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى چىقىرىش ۋە قۇتىنىڭ ئىچىگە بىر نەرسىلەرنى سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئۇلار نەرسىلەرنى ئۈستى-ئۈستىگە تىزىش، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكىنىنى كۆرۈش ۋە ئوخشىمىغان جىسىملارنى بىر-بىرىگە ئۇرغاندا چىققان ئاۋازنى سىناش ئارقىلىقمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئويۇن باللار ئۈچۈن «تەتقىقات»تۇر.

7. باللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇللار چىقىم ئەمەس، بەلكى مەبلەغدۇر

بالىلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن خەجلەنگەن ھەر بىر دوللارنىڭ پايدىسى 8.14 دوللارغا يېتىشى مۇمكىن. بالىلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى پايدا/تەننەرخ نىسبىتى ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

8. بالىلىرىڭىزنىڭ ھەرىكىتىگە، ئاۋازىغا ۋە يىغىسىغا دىققەت قىلىڭ

بالىلار ئۆز ئېھتىياجىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن، بوۋاقلار خۇيلانسا، باش بارمىقىنى شورىسا ياكى ئاپىسىنىڭ كۆكسى تەرەپكە بويىنىنى سوزسا، بۇ ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بالىنى بېقىۋاتقانلار بۇ «يىپ ئۇچى»غا ئاساسەن، بالا يىغلىماستىلا ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

9. ئائىلىدىمۇ ئاسانلا قىلغىلى بولىدىغان، بالىنىڭ يېشىغا ماس كېلىدىغان ئاددىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق بالىلارنىڭ يېتىلىشىگە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ

مەسىلەن، بوۋاققا جىسىملارغا ئەگىشىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، رەڭلىك ئىستاكاننى ئۇنىڭغا يېقىن، ئەمما قولى يەتمەيدىغان يەرگە قويۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ. بالىنىڭ ئىستاكاننى كۆرگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىنىڭىزدە، ئىستاكاننى ئوڭدىن سولغا، ئۈستىدىن ئاستىغا يۆتكەڭ. ئاندىن ئىستاكاننى بالىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇڭ. بالىنىڭ سوزۇلۇپ ئىستاكاننى تۇتۇش ئىستىكىنى قوزغاڭ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى ماختاڭ.

10. بوۋاقنىڭ ئاۋازى ۋە ھەرىكىتىنى تەكرارلاش ياخشى ئالاقە ئويۇنىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

بۇ ئالاقە ئويۇنى باققۇچىنىڭ بالىنى يېقىندىن كۆزىتىشىگە، ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە ھەرىكىتىگە سەزگۈر مۇئامىلە قىلىشىغا، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ، لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بالا گەپ قىلىشنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇنمۇ ئۆزى چىقارغان ئاۋاز ۋە قىلىقلىرى ئارقىلىق باشقىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتالىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

https://www.unicef.org/turkiye/en/stories/10-facts-about-early-childhood-development-you-need-know

# بېھىنىڭ سەككىز خىل پايدىسى



ئەنسلىي خىل

# بېھىنىڭ سەككىز خىل پايدىسى

ئەنسلېي خىل

بېھى ئەڭ دەسلەپتە ئاسىيادا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا ئۆستۈرۈلگەن قەدىمىي مېۋىدۇر. بېھىچىلىق قەدىمكى يۇنان ۋە رىم دەۋرلىرىدىن باشلانغان.

گەرچە بېھى ئۇزۇندىن بۇيان خەلق تىبابىتىدە پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مېۋىنىڭ پايدىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا.

تۆۋەندە بېھىنىڭ بېكىدىن بايقالغان سەككىز خىل پايدىسىنى، شۇنداقلا بېھىنى دائىمىي يېمەكلىكلىرىڭىزنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈشنىڭ بىر قانچە ئاددىي ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. تەركىبىدە ئوزۇقلۇق ماددىلار مول

بېھىنىڭ تەركىبىدە تالا، شۇنداقلا ھەر خىل زۆرۈر ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار بار بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك ئۇ ھەرقانداق يېمەكلىك ئادىتىدە دېگۈدەك ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچىلىق رولىنى ئوينىيالايدۇ.

92 گراملىق بىر دانە بېھىنىڭ تەركىبىدە مۇنۇلار بار:

كالورىيە: 52

ماي: 0 گرام

ئاقسىل: 0.3 گرام

كاربون-سۇ بىرىكمىلىرى (carbohydrate ــ ئۇ شېكەر ۋە كراخمال دېگەندەك، كاربون، ھىدروگېن ۋە ئوكسىگېندىن تەركىب تاپقان ماددا بولۇپ، يېمەكلىكتىكى كاربون-سۇ بىرىكمىلىرى بەدەننى ئېنېرگىيە ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ت): 14 گرام

تالا: 1.75 گرام

ۋىتامىن C: كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 15 پىرسەنتى

ۋىتامىن B1: كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 1.5 پىرسەنتى

ۋىتامىن B6: كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 2 پىرسەنتى

مىس: كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 13 پىرسەنتى

تۆمۈر: كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 3.6 پىرسەنتى

كالىي: كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 4 پىرسەنتى

ماگنىي: كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 2 پىرسەنتى

كۆرگىنىڭىزدەك، بۇ مېۋە مۇۋاپىق مىقداردا ۋىتامىن C ۋە مىس، شۇنداقلا ئاز مىقداردا ۋىتامىن B، تۆمۈر، كالىي ۋە ماگنىي بىلەن تەمىنلەيدۇ.

گەرچە بېھىنىڭ تەركىبىدە ھېچبىر بىرىكمە ماددا ئالاھىدە مول بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى ئاز كالورىيە ئارقىلىقلا تۈرلۈك ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 2. تەركىبىدە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك ماددىلار بار

بېھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن پايدىلار ئۇنىڭ تەركىبىدە مول مىقداردا ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار بارلىقىدىن مەنبەلەنگەن.

ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار مېتابولىزم بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، ياللۇغنى ئازايتىدۇ ۋە ھۈجەيرىلەرنى ئەركىن رادىكالنىڭ (free radical ــ تۇراقسىز مولېكۇلا) زەخمىسىدىن ساقلايدۇ.

بەزى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بېھىنىڭ تەركىبىدىكى كۋېرتسېتىن (quercetin) ۋە كەمپفېرول (kaempferol) قاتارلىق فلاۋونوللارنى (flavonol) ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار ياللۇغنى ئازايتىپ، يۈرەك كېسىلى قاتارلىق سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## 3. ھامىلدارلىقتىن كېلىپ چىققان كۆڭلى ئېلىشىشنى تىزگىنلەشكە ياردىمى بولۇشى مۇمكىن

كۆڭلى ئاينىش ۋە قۇسۇش ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەردىندۇر. بەزى تەتقىقاتلاردا بېھىنىڭ بۇ ئالامەتلەرنى پەسەيتىشكە ياردىمى بولۇشى مۇمكىنلىكى كۆرسىتىلدى.

76 نەپەر ھامىلدار ئايالغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، بىر قوشۇق (15 مىللىلىتىر) بېھى شەربىتىنىڭ ھامىلدارلىقتىن بولغان كۆڭلى ئاينىشنى ئازايتىشتىكى رولى يىگىرمە مىللىگرام ۋىتامىن B6 نىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان.

گەرچە بۇ نەتىجىلەر كىشىگە ئۈمىد بېغىشلىسىمۇ، ئەمما قەتئىي يەكۈنگە ئېرىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتلار ئىشلىنىشى زۆرۈر.

## 4. ھەزىم قىلىش مەسىلىلىرىنى پەسەيتىش رولى بار

بېھى ئۆزۈندىن بۇيان ئەنئەنىۋى ۋە خەلق تېبابىتىدە كۆپ خىل ھەزىم قىلىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

يېقىنقى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بېھى جەۋھىرى ئۈچەي توقۇلمىلىرىنى يارىلىنىش خاراكتېرلىك بوغماق ئۈچەي ياللۇغى (ulcerative colitis) قاتارلىق ياللۇغ خاراكتېرلىك ئۈچەي كېسەللىكلىرى (IBD) بىلەن مۇناسىۋەتلىك زىيانلاردىن ساقلايدىكەن.

يارىلىنىش خاراكتېرلىك بوغماق ئۈچەي ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان چاشقانلارغا قارىتىلغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا، بېھى جەۋھىرى ۋە شەربىتى بېرىلگەن چاشقانلارنىڭ چوڭ ئۈچەي توقۇلمىلىرىغا بولغان زىيان سېلىشتۇرما گۇرۇپپىدىكى چاشقانلارنىڭكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن.

شۇنداقتىمۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئوخشاش تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىشى زۆرۈر.

## 5. ئاشقازان يارىسىنى داۋالاشقا پايدىسى بار

دەسلەپكى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بېھىنىڭ تەركىبىدىكى ئۆسۈملۈك بىرىكمىلىرىنىڭ ئاشقازان يارىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن.

بىر تۈرلۈك پروبىركا تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، بېھى شەربىتى ئاشقازان يارىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھېلىكوباكتېر پايلورى (Helicobacter pylori) دېگەن باكتېرىيەنىڭ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاشقانغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، بېھى جەۋھىرى ھاراقتىن مەنبەلەنگەن ئاشقازان يارىسىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىكەن.

گەرچە بۇ نەتىجىلەر كىشىگە ئۈمىد بېغىشلىسىمۇ، ئەمما يەنىلا تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتقا موھتاج.

## 6. ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ قىزىلئۆڭگەچكە يېنىش كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئازايتىدۇ

بىر قانچە تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، بېھى شەربىتىنىڭ ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ قىزىلئۆڭگەچكە يېنىش كېسەللىكىنىڭ (ئادەتتە، «ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ يېنىشى» دېيىلىدۇ) (GERD) ئالامەتلىرىنى كونترول قىلىشقا ياردىمى بار.

ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ قىزىلئۆڭگەچكە يېنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان سەكسەن نەپەر بالىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان يەتتە ھەپتىلىك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كۆندە بېھى شەربىتى ئىچىش ئادەتتە مۇشۇ كېسەلنىڭ ئالامەتلىرىنى پەسەيتىشتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارغا ئوخشاش ئۈنۈملۈك بولغان.

137 نەپەر ھامىلدار ئايالغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، تاماقتىن كېيىن ئون مىللىگىرام بېھى شەربىتى ئىستېمال قىلىشمۇ ئادەتتە مۇشۇ كېسەلنىڭ ئالامەتلىرىنى پەسەيتىشتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارغا ئوخشاش ئۈنۈملۈك بولغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ قىزىلئۆڭگەچكە يېنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 96 نەپەر بالىغا قارىتىلغان تۆت ھەپتىلىك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، بېھى قىيامىنى ئەنئەنىۋى دورىلار بىلەن بىللە ئىشلىتىشنىڭ قۇسۇش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، كېكىرىش ۋە قورساق ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى پەسەيتىشتىكى ئۈنۈمى، نوقۇل دورا يېيىشنىڭكىدىن كۆپ ياخشى بولغان.

ئەمما، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات ئىشلەش زۆرۈر.

## 7. بەزى زىيادە سېزىم رېئاكسىيەلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ

بېھى زىيادە سېزىم رېئاكسىيەلىرىگە مەسئۇل بەزى ئىممۇنىتېت ھۇجەيرىلىرىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەش ئارقىلىق ھەر خىل زىيادە سېزىم رېئاكسىيەلىرىنىڭ ئالامىتىنى پەسەيتىدۇ.

Gencydo لىمون شەربىتى بىلەن بېھى جەۋھىرىدىن ياسالغان زىيادە سېزىم رېئاكسىيەسىگە قارشى دورىدۇر. بەزى كىچىك تىپلىق تەتقىقاتلار ئۇنىڭ (بۇرنى ئېقىش ۋە زىققا قاتارلىق) يېنىك دەرىجىدىكى سېزىم رېئاكسىيەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىقتىدارى بارلىقىنى دەلىللىگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، چاشقانغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بېھىنىڭ مېۋىسى ۋە ئۇرۇقىنىڭ جەۋھىرى سۇئنېي رەۋىشتە پەيدا بولغان سەزگۈرلۈك خاراكتېرلىك تېرە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ ۋە داۋالىيالايدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئىنسانلارغا قارىتا ئوخشاش ئۈنۈمى بار-يوقلۇقى ئېنىق ئەمەس.

گەرچە بەزى مۇتەخەسسىسلەر بېھى مەھسۇلاتلىرى زىيادە سېزىم رېئاكسىيەلىرىنى داۋالايدىغان ئەنئەنىۋى دورىلارنىڭ بىخەتەر ئورۇنباسارى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتقا موھتاج.

## 8. ئىممۇنىتېت كۈچىمىزنى ئاشۇرىدۇ

بېھى ئىممۇنىتېت سىستېمىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بىر قانچە تۆرلۈك پروبىركا تەتقىقاتىدا بېھىنىڭ باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتى بارلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇ چوڭ ئۈچەي ئېشېرىخىيە باكتېرىيەسى (Escherichia coli) ۋە سېرىق ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە (Staphylococcus aureus) قاتارلىق بىر قىسىم زىيانلىق باكتېرىيەلەرنىڭ يېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر دانە بېھى ساغلام، نورمال ئىققىدارغا ئىگە ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئۈچۈن ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كۈندىلىك ۋىتامىن C مىقدارىنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، بىر دانە بېھى تەۋسىيە قىلىنغان كۈندىلىك تالا مىقدارىنىڭ 6~8 پىرسەنتىنى تەمىنلەيدۇ. يېتەرلىك مىقداردا تالا قوبۇل قىلىش ھەزىم قىلىش يولىدا ياشايدىغان ساغلام باكتېرىيەلەرنى قوللايدۇ.

ساغلام ئۈچەي باكتېرىيەلىرى تۇپىنى قوغدىغاندا، ياللۇغنى ئازايتىپ، ھەزىم قىلىش يولىدىكى زىيانلىق باكتېرىيەدىن يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بېھىنى قانداق يېيىش كېرەك؟

كۆپ يېيىلىدىغان باشقا مېۋىلەرگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بېھى ئاساسەن پىشۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ. چۈنكى، خام بېھى پىشىپ يېتىلگەندىمۇ ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، تەمى بەكلا چۈچۈك كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، كۆپىنچە بېھىخۇمارلار بۇ مېۋىنى ئەڭ ياخشىسى پىشۇرۇپ يېيىش كېرەك دەپ قارايدۇ.

توغرالغان بېھىنى سۇ قۇيۇلغان قازانغا سېلىڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئازراق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، مېۋىسى يۇمشىغىچە پەس ئوتتا پىشۇرۇڭ. ئۇنىڭغا يەنە ۋانىللىن (vanilla)، قوۋزاق داچىن، زەنجىۋىل ۋە شاكال بەدىيان قاتارلىق خۇرۇچلارنى قوشۇپ سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ.

يەنە شۇنداقلا، بېھى مۇراببasi ياسىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمما، مۇراببانىڭ قەنت تەركىبىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى مۇراببالارنىڭ تەركىبىدە قەنت مىقدارى يۇقىرى بولغاچقا، ئاسانلا كۆپ يېيىلىپ كېتىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.healthline.com/nutrition/what-is-quince-fruit#How-to-eat-them



# مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىڭ

مۇھەممەد ئارىفى

# مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىك

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىي

بىز تۇرمۇشتا قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن كۆپىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن قىلىمىز. تويى زىياپىتىگە چاقىرىلغاندا ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىمىزنى كىيىپ بارىمىز. بۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلىمىز.

سىز ئۆزىڭىز ساھىبخان بولغاندىمۇ، كىيىم-كېچەكلىرىڭىزنى قاتۇرۇپ كىيىشىڭىز — مېھمان باشلايدىغان سالوننى چىرايلىق بېزىشىڭىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈندۇر. مېھمانخانا ئۆيىنى ئۆزىڭىزنىڭ ياكى بالىلىرىڭىزنىڭ ھۇجرىسىدىن خېلى بەك تۈجۈپىلەپ سەرەمجانلاشتۇرۇشىڭىز بۇ سۆزىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دوست-بۇرادەرلىرىڭىزنى تاماققا تەكلىپ قىلغىنىڭىزدا، ئايالىڭىزنىڭ، ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ تاماقنىڭ ياخشى تەييارلىنىشىغا ۋە خىلمۇخىل بولۇشىغا ئادەتتىكىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىسراپچىلىققا ئۆزىمىزنى مەجبۇرلايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

ئەلۋەتتە، تاماققا چاقىرغان دوست-بۇرادەرلىرىڭىزنى قانچە چوڭ كۆرسىڭىز، تاماققىمۇ شۇنچە بەك ئەھمىيەت بېرىسىز. ئۇلاردىن بىرى كىيىم-كېچەكلىرىڭىزنى، ئۆيىڭىزنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىنى ياكى تاماقلىرىڭىزنىڭ لەززىتىنى ماختىسا، تولىمۇ مەمنۇن بولىسىز.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەن: «كىمكى دوزاختىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇلىسا، ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ھالەتتە كەلسۇن؛ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇمۇ كىشىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن» [سەھىھۇل مۇسلىم 1844 ـ ھەدىس]

ئۇنداقتا، بۇ ھەدىسنى ئەمەلىيەتكە قانداق تەدبىقلايمىز؟

دوستىڭىزنىڭ ئۆيىدە چىرايلىق بىر قىز كىيىم كۆرگىنىڭىزدە، ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراڭ ۋە: «ماشائاللاھ! كىيىمىڭىز ھەجەپ چىرايلىقكەنا! بۇگۈن تويى بولغان يىگىتتەك بولۇپ كېتىپسىزا!» دېگەندەك چىرايلىق گەپلەرنى قىلىڭ.

بىراۋ سىزنى يوقلاپ كەلگەندە، خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتكەنلىكىنى پۇرىغىنىڭىزدا، ئەتىرنى ياقتۇرغىنىڭىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئۇنى ماختاڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىڭ. ئۇنى ئېتىراپ قىلىڭ. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ ئەتىرنى سىز ئۈچۈن چاچقان. ئۇنىڭغا: «ۋاھ! نېمانچە خۇشپۇراق ئەتىر بۇ! ئاجايىپ دىتىڭىز (دىت ــ گۈزەللىكنى، نەپىسلىكنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېستېتىكىلىق زوق ئېلىش قابىلىيىتى، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىن) بار جۇمۇ!» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىڭ.

بىراۋ سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا، سىز ئۈچۈن تەييارلىغان تاماقلىرىنى ماختاڭ. چۈنكى، شۇنىسى سىزگىمۇ مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئايىسى، ئايالى ياكى ئاچا ـ سىڭىللىرى سىز ۋە باشقا مېھمانلار ئۈچۈن سائەتلەپ جاپا تارتقان؛ ياكى ئەڭ كەمدە شۇ تاماقلارنى ئاشخانىدىن ئەكېلىش ئۈچۈن بىر مۇنچە قاتىرىغان بولىدۇ.

سىز ئۈچۈن شۇنچە كايىغانلىقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئۇنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغۇدەك، بىكارغا جاپا تارتمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغۇدەك گەپلەرنى قىلىڭ.

مەلۇم بىر دوستىڭىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۆي جاھازلىرىدىن بىرىنىڭ تولىمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئاشۇ جاھازنى ۋە دوستىڭىزنىڭ دىتىنىڭ ئۇستىلىكىنى ماختاڭ (لېكىن، مەسخىرىدەك تۇيۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ماختىغاندا ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە دىققەت قىلىڭ).

ئەگەر سىز بىرەر مەجلىستە بىرەيلەننىڭ مەجلىس ئەھلىگە تولىمۇ ياخشى سۆز قىلغانلىقىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۇ ئۆز نۇتقى ئارقىلىق مەجلىسنى جانلاندۇرغان ۋە كىشىلەرنى خۇشال قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنى ماختاڭ. سورۇندىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ: «ماشائاللاھ! خويمۇ ئېسىل گەپ قىلدىڭىز جۇمۇ!» دەڭ.

ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ: «مەجلىسنى تولىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتىڭىز» دەڭ. بۇنى سىناپ كۆرۈڭ. شۇنى بايقايسىزكى، ئۇ سىزنى تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ.

بىر بالىنىڭ دادىسىغا تولىمۇ سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرسىڭىز، مەسىلەن، بالا دادىسىنىڭ قولىغا سۇيىگەندە ياكى ئۇنىڭغا ئاياغلىرىنى ئەكېلىپ بەرگەندە، بالىنى ماختاڭ. ئۇ يېڭى كىيىم كىيگەندىمۇ ئۇنى ماختاڭ.

ئاچا ـ سىڭىللىرىڭىزنى يوقلىغاندا، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇلارنى ماختاڭ. دوستىڭىزنىڭ ئۆز بالىسىغا كۆيۈنگەنلىكىنى ياكى مېھمانلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۈتكەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە دادىللىق بىلەن ئۇنى ماختاڭ. ھەيرانلىقىڭىزنى ۋە

ياقتۇرغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈڭ. بىرىنىڭ ماشىنىسىغا ياكى تاكسىغا چىققىنىڭىزدا ماشىنىنىڭ پاكپاكىز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ماشىنىنى ناھايىتى سىلىق ھەيدىگەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە، شوپۇرنى ماختاڭ.

«دېمىسىڭىزمۇ كىشىلەر ئادەتتە شۇنداق قىلىدىغۇ!» دېيىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق، لېكىن بۇنىڭ تەسىرى تولىمۇ كۈچلۈك. مەن بۇنى سىناپ كۆردۈم. چوڭ-كىچىك، ئىشچى-خىزمەتچى ياكى ئوقۇتقۇچى دېگەندەك نۇرغۇن كىشىلەرگە («ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئېتىراپ قىلىش، ماختاشقا لايىق ئىشلارنى ماختاش»تىن ئىبارەت) مۇشۇ قائىدە بويىچە مۇئامىلە قىلدىم. ھەتتا، ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە كىشىلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلدىم. بولۇپمۇ، بۇنىڭ بىزدىن مەلۇم نەرسىلەرنى كۈتىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمى بارلىقىنى كۆردۈم.

قانداق دەمسىز؟

ئۆيلەنگىلى بىر ھەپتە بولغان بىر يىگىت بىلەن، يۇقىرى ئوقۇش ئۈنۋانىغا ئېرىشكەن بىرەيلەن بىلەن ياكى يېڭى ئۆي سېتىۋالغان بىرەيلەن بىلەن ئۇچراشتىڭىز دەيلى. شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزدىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئۆزلىرى كۈتكەنگە لايىق مۇئامىلە قىلىڭ.

تاغامنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەجىد تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتېتقا تىزىملىتىشقا مېنىڭ بىللە بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېتقا بىللە بېرىش ئۈچۈن، ماشىنام بىلەن ئۆيىنىڭ ئالدىغا باردىم.

ئۇ شۇ تاپتا تەرپىلگۈسىز ھاياجان ۋە خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى، چۈنكى يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۆزى ئوقۇماقچى بولغان فاكۇلتېت ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇ ماشىنامغا چىقىشىغا، چېچىۋالغان ئەتىرى گۈپپىدە بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ئەتىرنىڭ ھىدى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. گويا ئۇ بىر شىشە ئەتىرنىڭ ھەممىنى ئۈستى-بېشىغا تۆككەندەك قىلاتتى. پۇراق شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، مەن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ دېرىزىسىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بىچارىنىڭ مەكتەپكە چىرايلىق ياسىنىپ بېرىش مەقسىتىدە، كىيىم ۋە ئەتىر تاللاش ئۈچۈن خېلى ھەپىلەشكەنلىكىگە جەزم قىلدىم. ئاندىن، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ماشائاللاھ! نېمە دېگەن خۇشبۇي پۇراق بۇ! فاكۇلتېت مۇدىرى بۇ خۇشپۇراقنى پۇرىغان ھامان، <قوبۇل قىلىندىڭ!> دېمەي قالمايدۇ» دېدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قانچىلىك خۇشاللىققا تولغانلىقىنى، بۇ خۇشاللىقنىڭ يۈزىدە قانداق جىلۋىلەنگەنلىكىنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ!

ئۇ ماڭا قاراپ ھاياجان ئىلكىدە: «ساڭا كۆپ رەھمەت، ئەبۇ ئابدۇراھمان! تولىمۇ مىننەتدارمەن. بۇ تولىمۇ قىممەت باھالىق ئەتىر ئىدى. دائىم ئىشلىتىمەن-يۇ، كىشىلەر بۇنى بايقاشمايدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇ شارپىسىنىڭ ئۇچىنى ھىدلىغاچ: «ئېيتساڭچۇ، تاللىغان ئەتىرىم ياخشى ئەمەسمىكەن؟» دېدى.

بۇ ئىش يۈز بەرگىلى 15 يىلدىن ئاشتى. ئابدۇلمەجىد ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى خىزمەتكە چىقتى. ئەمما، ئۇ ئاشۇ «ئەتىر ۋەقەسى»نى ھېلىھەم ئۇنۇتمىغان بولۇپ، بەزىدە ئۇچراشقان چاغلىرىمىزدا چاقچاق تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىپ تۇرىدۇ.

شۇنداق! كىشىلەرنى ماختاڭ. ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش تولىمۇ ئاسان. لېكىن، بىز كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىدىغان ئاسان ئىشلارنىمۇ قىلماي قويىمىز. گۈزەل ئەخلاقنىڭ يېگانە ئۈرنىكى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئۇسۇللارنى قوللىناتتى.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مۇسۇلمانلار مەككىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن يۇرت-ماكانلىرىنى، مال-بىساتلىرىنى تاشلاپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مۇھاجىرلىق سۈپىتىدە مەدىنىگە كەلدى. ئۇ مەككىدىكى چېغىدا باي سودىگەر بولسىمۇ، ئەمما مەدىنىگە يوقسۇل ھالەتتە كەلگەنىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى بىردىن بىردىن ئۆزئارا قېرىنداش قىلىپ بېكىتتى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە سەئىد ئىبنى رەبىي ئەنسارىينى قېرىنداش قىلىپ قويدى. ئۇلار قەلبلىرى پاكپاكىز ئىنسانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ پەزىلىتى شۇ دەرىجىدە يۈكسەك ئىدىكى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە مۇنداق دېگەنىدى:

- ئى ئەزىز قېرىندىشىم! مەن مەدىنىلىكلەر ئارىسىدا ئەڭ باي كىشىمەن. مال-دۇنيارىمنى ئىككىگە بۆلەي. يېرىمىنى سەن ئال، يېرىمى ماڭا قالسۇن!

ئاندىن، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيلىنىشنى كېرەكلىكىنى، ئەمما شۇ تاپتا ئۆيلىنىشكە قادىر ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ئۆز ئاياللىرىدىن بىرىنى تالاق قىلسا، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ شۇ ئايالغا ئۆيلىنىشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بۇنىڭغا قارىتا: «ئاللاھ ئائىلەڭنى ۋە مېلىڭنى بەرىكەتلىك قىلغاي! ماڭا (تىجارەت قىلىشىم ئۈچۈن) بازارنى كۆرسىتىپ قويغىن» دېدى.

شۇنداق، ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال-بىساتىنى مەككىدە قالدۇرغان ۋە بۇلار كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ تولىمۇ چېچەن ۋە سودا تەجرىبىسىگە ئىگە كىشى ئىدى.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بازارنى كۆرسىتىپ قويىدى. ئۇ بېرىپ شۇ يەردە تىجارەت قىلدى. نېسىگە مال ئېلىپ، ئۇنى نەق سېتىپ پايدا ئالدى. تىجارىتى روناق تېپىپ، مۇئەييەن مىقداردا مال-دۇنيا توپلىدى ۋە ئاخىرىدا ئۆزى پۇل سەرپ قىلىپ ئۆيلەندى.

ئاندىن، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن يېڭى توي قىلغانلار ئىشلىتىدىغان ئەتىرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەلبلەرنىڭ دوختۇرى ئىدى. ئۇ ماختاشقا لايىق ئىشلارنى ماختايتتى ۋە كۆڭۈللەرنى ئۇتۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتەتتى. ئۇ ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى ۋە ئۇچىسىغا خۇشپۇراق سۈركىگەنلىكىنى بايقىدى-دە، «بىرەر يېڭىلىق بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن سۆيۈندى ۋە «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەنسارلاردىن بولغان بىر ئايالغا ئۆيلەندىم» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تېخى يېقىندىلا ھىجرەت قىلغان (ۋە شۇ سەۋەبلىك ھېچبىر مال-دۇنياسى بولمىغان) بۇ ساھابىسىنىڭ بۇنچە تېز ئۆيلىنەلىگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ، «مەھر ھەققى ئۈچۈن نېمە بەردىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «خورمىنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئېغىرلىقتىكى ئالتۇن» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «بىر قوي بىلەن بولسىمۇ توي زىياپىتى بەرگەن» دېدى. شۇنداقلا، ئابدۇراھمان ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن بەرىكەت ياغدى.

ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ تاپاۋىتى ۋە تىجارىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بىر تاشنى كۆتۈرسەم، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئالتۇن ياكى كۈمۈش تېپىۋالىدىغاندەكلا ئىدىم.» (يەنى «ماڭا شۇ دەرىجىدە بەرىكەت ياغقانىدى» دېمەكچى)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاجىزلارنىڭ ۋە يوقسۇللارنىڭمۇ ھالىغا يېتەتتى. ئۆزىنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگىنىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى، قىلىنغان ئىشنىڭ قانچىلىك ئاددىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇراتتى. ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن ياد ئېتەتتى، قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ماختايتتى-دە، باشقىلارمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

مەدىنىدە پەيغەمبەر مەسچىتىنى سۈپۈرىدىغان، ئىمانلىق، سالىھە، قارا تەنلىك بىر ئايال بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گاھىدا ئۇ ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ (مەسچىتنى پاكىز تۇتۇش ئۈچۈن) كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئۇنى كۆرمىگەندىن كېيىن، ئۇنى سۈرۈشتۈردى. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئۆلۈپ كەتتى» دېيىشتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «نېمىشقا ماڭا خەۋەر بەرمىدىڭلار؟» دېدى.

كىشىلەر ئۇ ئايالنى ئانچە مۇھىم بىلىشمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈشكە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قاراشقانىدى. ئۇلار «ئۇ كېچىدە ئۆلۈپ كەتكەنىدى، سىلىنى ئويغىتىشنى خالىمىدۇق» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ ئايالنىڭ (مەسچىتنى تازىلاش دېگەندەك) ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كىچىك بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئەمەل ھېسابلىناتتى.

لېكىن، يەرلىككە قويۇلۇپ بولغان ئادەم ئۈچۈن قانداق جىنازا نامىزى ئوقۇغۇلۇق؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ماڭا ئۇنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار» دېدى.

ساھابىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ، قەبرىنىڭ يېنىدا توختاشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى: «بۇ قەبرىلەر قاراڭغۇلۇققا تولغاندۇر. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مېنىڭ نامىزىم سەۋەبلىك ئۇلارنى نۇرلاندۇرىدۇ.»

ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر! سىزچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ئاجىز ئايالنىڭ «ئاددىي» ئىشنى بۇ قەدەر مۇھىم بىلگەنلىكىنى كۆرگەنلەر قانداق ھېسسىياتتا بولار؟ ئەجەبا ئۇلار ئاشۇ ئايال قىلغان ئىشلارنىڭ دەل ئۆزىنى ياكى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ قىلىشقا كۈچىمەسمۇ؟

شۇلارنى قۇلىقىڭىزغا پىچىرلىشىمغا رۇخسەت بەرگەيسىز: بىز بۇنداق ماھارەتلەرگە تۈزۈك ئەھمىيەت بېرىلمەيدىغان جەمئىيەتتە ياشايمىز. دىققەت قىلىڭكى، ياخشى سۈپەتلىرىنى ھەرقانچە مۇئەييەنلەشتۈرسىڭىزمۇ، ھەرقانچە ئەدەپ-تەۋازۇ ئىلكىدە، تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ماختىسىڭىزمۇ، بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدىغان؛ ياكى چاقچىقىڭىزغا تېتىقسىز، يىرگىنىشلىك ۋە سەۋىيەسىز سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىدىغان تۈرلۈك كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر تۈركۈم ئىنسان بۇ جەھەتتىكى ھاياجىنىڭىزغا سوغۇق سۇ سېپىشى مۇمكىن.

مەسىلەن، بۇنداقلارنىڭ قۇۋۇلۇقلىرىدىن بىرى شۇكى، بىر يىگىت — مەن ئۇنى تونۇيمەن — مۇھىم بىر زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. زىياپەتكە چوڭ ئەربابلارمۇ قاتنىشىدىغان بولغاچقا، ئۇ زىياپەتكە بېرىشتىن ئىلگىرى ئەتىر ئېلىش ئۈچۈن بىر دۇكانغا كىرىپتۇ. پىركازچىكمۇ ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، قىممەت باھالىق، سۈپەتلىك ئەتىرلەرنى ئالدىغا تىزىپتۇ.

بۇ يىگىت ھەرخىل ئەتىرلەرنى سىناپ كۆرۈپ، كېيىملىرى ئەتىرنىڭ پۇرىقى بىلەن تولغاندىن كېيىن، پىركازچىككا: «رەھمەت سىزگە، بۇلاردىن بىرەرسىنى ياقتۇرۇپ قالسام، كېيىن كېلىپ سېتىۋالىمەن» دەپتۇ.

ئەتىر مەسىلىسىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلغان يىگىت ئالدىراپ-تېنەپ زىياپەتكە بېرىپتۇ ۋە زىياپەتتە دوستى خالىدنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما، خالىد ئۇنىڭ كىيىملىرىدىكى خۇشپۇراقلارنى پۇرىمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچنەرسە دېمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى يىگىت بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگىنىچە خالىدقا:

«بۇرنۇڭغا خۇشپۇراق ئۇرۇلمىدىمۇ؟» دەپتىكەن، خالىد: «ياق» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى يىگىت يەنە بولدى قىلماي: «سېنىڭ بۇرنۇڭدا چوقۇم مەسىلە بار» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، خالىد ئۇنىڭغا: «بۇرنۇمدا مەسىلە بولغان بولسا، بەدىنىڭدىن كېلىۋاتقان تەر پۇرىقىنىمۇ پۇرىمىغان بولاتتىم» دەپتۇ.

**بىر ئېتىراپ**

كىشى قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ماختىلىشنى ۋە ئېتىراپنى ياخشى كۆرۈشى ئۆزگەرمەيدۇ.

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىينىڭ «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

تۆگۈنلەر ۋە يېشىملەر

# بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ھايات ساۋاقلىرى



راشېل شارپ

# بىلۋېلىشقا تېگىشلىك ھايات ساۋاقلىرى

راشىل شارپ

بالدۇر ئۆگىنىلگەن ھايات ساۋاقلىرى (ساۋاق — «ئوقۇغۇشسىزلىقلاردىن يەكۈنلەنگەن، ئىبرەت ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان سەلبىي تەجرىبە»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىن،ت) سىزنىڭ كىشىلەر ھاياتى بويىچە قايتا-قايتا سادىر قىلغان چوڭ خاتالىقلارنى تەكرارلىماستىن، ھاياتىڭىزنى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىڭىزگە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. ئەلۋەتتە، ھايات ساۋاقلىرىنى ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئۆگەنگەندە، ئۇ كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. لېكىن، ئادەتتە بۇنىڭ بېسىمى بەك ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، بىز بىلۋېلىشىڭىز كېرەك بولغان، ئەڭ مۇھىم بەزى ھايات ساۋاقلىرىنى سىز بىلەن ئورتاقلىشىشنى قارار قىلدۇق، بۇلارنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ھاياتىڭىزنى ئەڭ ياخشى تەرزدە ئۆتكۈزۈشىڭىزگە تىلەكداشمىز.

ھايات ساۋاقلىرى نېمىنى كۆرستىدۇ؟

ھايات ساۋاقلىرى بىز ھاياتىمىز بويىچە، كەچمىشلىرىمىز ئارقىلىق ئۆگىنىدىغان نەرسىلەردۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھايات ساۋاقلىرى كۆپىنچە ھاللاردا بىز كېچىكىپ تېگىگە يېتىدىغان ۋەقەلەر بولۇپ، ئۇنىڭ تېگىگە يەتكەندە ئارقىمىزغا قايتىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت قالمىغان بولىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر ھازىرلا بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك بولغان مۇھىم ھايات ساۋاقلىرىدۇر:

1. ھايات قىسقا مۇساپىلىق يۈگۈرۈش ئەمەس، بەلكى مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدۇر.

ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھايات ساۋاقلىرىدىن بىرى شۇكى، ھەممە ئىشنى بۈگۈنلا باشلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىشلارنى كېيىنرەك بايقىسىڭىز ياكى نىشانىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن مۆلچەردىكىدىن بىر قانچە يىل كۆپرەك ۋاقىت كەتسە، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ھايات ھەقىقەتەن قىسقا بولسىمۇ، ھاياتنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان پەيتلەر دەل (كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئەمەس) كۈندىلىك پائالىيەتلەرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىدىغىنى ئۇلۇغۋار نىشانلار ئەمەس. ئىشلارنى بىر-بىرلەپ، پۇختا تاماملاپ

ماڭسىڭىز، ئۆزىڭىز بەلگىلىگەن بارلىق نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز. ئەمما، هاياتىي كۈچكە تولغان پۇتكۈل سەپىرىمىز جەريانىدا هەرۋاقىت مۇۋەپپەقىيەت ۋە خۇشاللىقنى هېس قىلالايمىز. پۇتكۈل ئارزۇلىرىڭىزنى ئوتتۇز ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا رويابقا چىقىرىشقا مەجبۇر ئەمەسسىز.

2. كىشىلەرگە كۆيۈنۈڭ

هاياتتا ئەڭ بالدۇر ئۆگىنىشىمىز كېرەك بولغان هايات ساۋاقلىرىدىن بىرى كۆيۈمچانلىقتۇر. ئەگەر سىز خىرىسقا تولغان مەزگىللەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ياخشىراق هېس قىلغانغا قەدەر، هەر كۈنى باشقىلارغا كەم دېگەندە بىر ياخشىلىق قىلىڭ. بۇنىڭ ئۈنۈمى شۇ قەدەر ياخشىكى، بۇنىڭ لەززىتىنى تېتىغاندا، ياخشىلىق قىلغۇڭىز كېلىپلا تۇرىدىغان بولىدۇ. بىز دائىم «مەن ياخشى ئادەم تۇرسام، نېمىشقا بۇنداق ئىش دائىم بېشىمغا كېلىدۇ؟» دەيمىز، ياخشىلىق قىلىش جەھەتتە ئاكتىپلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ئۇنچە ياخشى ئەمەسلىكىمىزنى هېس قىلىمىز.

كىشىلەرنى ماختاش ياكى ئۇلارغا هەدىيە بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىشنىڭ كويىدا بولۇڭ. دوستلىرىڭىز بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭ. هېيت-بايراملاردىن باشقا كۈنلەردىمۇ يېقىنلىرىڭىز بىلەن جەم بولۇپ تۇرۇڭ. قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە كۆڭلى كۆتۈرۈلگۈدەك مەزمۇندا ئۇچۇر يېزىڭ. كىشىلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلارغا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى سىزنى زوقلاندۇرغان بارلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ. كىشىلەرگە كۆيۈم ۋە مۇھەببىتىڭىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلالايدىغان نۇرغۇن كىچىك ئىشلار بار. بۇ ئىشلارنى قانچە كۆپ قىلسىڭىز، هاياتىڭىز شۇنچە خۇشال ئۆتىدۇ.

3. باشقىلارغا خەجلەنگەن پۇل خۇشاللىق ئەكەلمەيدۇ

«پۇل كۆپەيگەنسېرى مەسىلە كۆپىيىدۇ» دېگىلى بولمىغىنىدەك، «پۇل كۆپەيگەنسېرى، خۇشاللىق كۆپىيىدۇ» دېگىلىمۇ بولمايدۇ. هاياتنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتەلەيدىغان هايات ساۋاقلىرىدىن بىرى شۇكى، پۇلىڭىزنى سېخىيلىق بىلەن خەجلىسىڭىز، ئاخىرىدا ئۆزىڭىز هوزۇر تاپىسىز. خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىش ياكى قالتىس ياخشىلىقتىن بىرنى قىلىش قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى سىزنى ئۆمۈر بويى خۇرسەن قىلىدىغان، ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارغا پۇل خەجلىسەڭ، ئۆزىمىزنىڭ كەيپىياتى ياخشىلىنىدۇ.

4. كىچىك ئىشلار كۆپىنچە هالدا چوڭ ئىشلاردۇر

ھاياتىمىزنىڭ كۆپ قىسمىدا، بىز داغدۇغىلىق كاتتا پەيتلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتىمىز. مەسىلەن، بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەن، توي قىلغان ياكى ئاتا-ئانا بولغان پەيتلەر ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. گەرچە بۇ پەيتلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بولسىمۇ، شۇ «كاتتا» پەيتلەرنىڭ ئارىسىدا بىز قەدىرلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن «كىچىك» پەيتلەر بار. ھەر كۈنى ئويغانغاندا ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان جورىمىزنى، بالا-چاقىلىرىمىزنى يېنىمىزدا كۆرۈشنىڭ ئۆزى زور خۇشاللىقتۇر. يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، دوستلار بىلەن بىللە كەچلىك تاماققا چىقىش بىزنى شادلاندۇرالايدۇ. كەيپىياتىڭىز ناچار چاغلاردا، دوستىڭىز ھەممە ئىشنى تاشلاپ سىزگە ھەمراھ بولسا، بۇمۇ سىزنى قاتتىق مەمنۇن قىلماي قالمايدۇ. باللىرىڭىز بىلەن ئوينىشىپ بەرگىنىڭىزدە، ئۇلارنىڭ كۈلگىنىنى كۆرۈش قەلبىڭىزنى ئىللىتىدۇ.

5. ھەرقانداق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالايسىز

سىز ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ئىشلارنىڭ چېكى يوق. ھەر قانداق ئادەم نام-ئاتاقتا، مۇۋەپپەقىيەتكە، ئىززەت-ھۆرمەتكە ياكى ئالقىشقا ئېرىشەلەيدۇ. ھەر ئىشنى روياپقا چىقىرىش مۇمكىندۇر. ئەتراپىڭىزدىكى دۇنياغا تەپەككۇر كۆزى بىلەن قاراڭ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى، ھەركۈنى ئاز-ئازدىن كىچىك ئۇتۇقلارنى رويابقا  چىقىرىشتۇر. شۇنى ئۇنۇتماڭكى، ھەممىدىن مۇھىمى، سىجىللىق، سىجىللىق، يەنە سىجىللىقتۇر.

6. بولىدىغان ئىش بولماي قالمايدۇ

بۇ ھەر ئىنسان دۇچ كېلىدىغان مۇشكۇل تېمىدۇر. بىز كەلگۈسىنى كۆرەلمەيمىز، شۇڭا جاۋابسىز قالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسى بىزنى ساراسىمىگە سالىدۇ. مەن كۆڭلۈمدىكىدەك بىرى بىلەن توي قىلالارمەنمۇ؟ مېنىڭمۇ بالام بولارمۇ؟ مېنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان كۈنلىرىم كېلەرمۇ؟ مەندە كەلگۈسىڭىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان ئىقتىدار بولمىسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەنكى: سىز ئۆزىڭىز ئېرىشەلمەيمەن دەپ ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئېرىشەلىشىڭىز مۇمكىن. يەنە شۇنداقلا، بېشىمغا كېلىشى مۇمكىن دەپ قورققان ئىشلىرىڭىزنىڭ نۇرغۇنى بېشىڭىزغا كەلمەسلىكى مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا، بېشىڭىزغا كېلىدىغان ئىش كەلمەي قالمايدۇ. بېشىڭىزغا كەلمەيدىغان ئىش ھەرگىز كېلىپ قالمايدۇ. شۇڭا، قولىڭىزدىن كەلگەن تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۈچۈن ئارتۇق باش قاتۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى چارچاتماڭ.

7. سالامەتلىكىڭىزنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇڭ

بۇ بەلكىم مۇشۇ تىزىملىكتىكى ئەڭ مۇھىم ھايات ساۋىقى بولۇشى مۇمكىن. سالامەتلىكىڭىزنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇڭ. ھەركۈنى چۈشتە ساغلام ئوزۇقلىنىڭ ۋە تاماقتىن كېيىن بىر ئاز يول يۈرۈڭ. دوستلىرىڭىزنى بىللە چېنىقىشقا تەكلىپ قىلىڭ. كىشىلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولسىڭىز، ئەتراپتىكى مەنزىرىلىك جايلاردا بىللە سەيلە قىلىش ياخشى تاللاشتۇر. نەپەسلىنىش مەشقى (breathing exercise) قىلىش ئارقىلىق بېسىمىڭىزنى تۆۋەنلىتىڭ. ئەگەر ئۈستەل خىزمىتى قىلىدىغان بولسىڭىز، پات-پات ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلىنىڭ. كۈنىگە 4200 قەدەمدىن ئاز مېڭىش ھەرىكەت قىلمىغانلىق (sedentary) ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە، قەدەم سانىغۇچ، چېنىقىش سائىتى ياكى ئەپ ئارقىلىق كۈندىلىك قەدەملىرىڭىزنى ھېسابلاپ، سالامەتلىكىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىڭ.

### 8. ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ

بەزىدە قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولۇپ چىقىدۇ، بەزىدە ئىجابىيدەك كۆرۈنگەن ئىشلار پاجىئەلىك ئاخىرلىشىدۇ. ھايات ياخشى-يامانىنىڭ ئالمىشىشى ۋە قايتىلىنىشىدۇر. شۇڭا ھەر بىر ۋەقەگە ئۇنچە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرماڭ. كۆز ئالدىڭىزدا يۈز بەرگەن ھايات كەچۈرمىشلىرىنى كۆزىتىڭ. دەرۋەقە، سىز يەنىلا كونتروللۇقىڭىزدىكى ئىشلارنى شەكىللەندۈرۈشتە يېتەكچى رول ئوينىيالايسىز. ئەمما، ئىشلارنى بەك خۇسۇسىيلاشتۇرۇۋالماڭ. بەزىدە بىزگە تەسىر قىلغان ئازابلىق ۋەقەلەر ھەر قانداق ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىشى مۇمكىن، ئۇ ئىش قانداقتۇر بىزنىڭ بىر بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بېشىمىزغا كەلگەن ئەمەس. بىر ئەھۋالغا ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن، ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىپ، نەتىجىسىنى ساقلاپ تۇرۇڭ.

### 9. دومىلىما پايدىغا ئەھمىيەت بېرىش

سىز بەلكىم مىليونېرلار ۋە مىلياردېرلارنىڭ دومىلىما ئۆسۈم (compound interest) ئارقىلىق پۇل تاپقانلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھالبۇكى، «دومىلاش» (compounding) پۇلغىلا خاس ئۇقۇم بولماستىن، ئۇ ھەممە نەرسىگە قارىتا كۈچكە ئىگىدۇر. ئەگەر سىز ھەر قېتىملىق ئالاقىدە باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلسىڭىز، بۇنىڭ پايدىسى بارغانسېرى ھەسسىلەپ ئېشىپ ماڭىدۇ. ھەرىكەت قىلماستىن ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى يەۋەرسىڭىز، بارغانسېرى تېز سەمرىپ كېتىسىز (يەنى دەسلەپتە ئازراق سەمرىگەن بولسىڭىز، كېيىنچە سەمرىش سۈرئىتىڭىز تېزگىنىدىن چىقىپ، نېمىشقا بۇنچە تېز سەمرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزغا ئۆزىڭىزمۇ ھەيران بولىسىز، ت). تەسىرنىڭ جۇغلانغانسېرى كۈچىيىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھايات ساۋىقىنى قانچە بالدۇر تونۇپ يەتسىڭىز، ھاياتىڭىزدا شۇنچە تېز ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، تىرىشچانلىقلىرىڭىزنىڭ «دومىلىما ئۈنۈم» ھاسىل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايسىز. ھالبۇكى، بۇ جەھەتتىمۇ ئەڭ ھالقىلىق ئامىل «سىجىللىق»تۇر.

10. ئۆتمۈش قويندا ياشماڭ

بۇ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغانلار ئۈچۈندۇر. سىز ئۆتمۈشتىكى قىلمىشلىرىڭىزغا بۇگۈننىڭ كۆزى بىلەن قاراۋاتىسىز. بۈگۈن سىز ئاشۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئالدى-كەينىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىسىز. ئەمما، ئۆتمۈشتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەنكى، ئەگەر ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىڭىزنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسىڭىز، ئۇنى ھەرگىز قىلمىغان بولاتتىڭىز. خاتالىقلىرىڭىزنى ئېتىراپ قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشىڭىز زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما سىز ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلار سەۋەبلىك ئۆزىڭىزنى جازالاۋەرمەسلىكىڭىز كېرەك. ھېچكىم مۇكەممەل ئەمەس. باشقىلارمۇ سىزگە ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلىپ قويىدۇ. مۇھىمى، خاتالىقلارنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماڭ ۋە بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرماڭ.

11. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھۆرمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇڭ

جىنسىي زوراۋانلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ دەردىنى تىڭشاپ تۇرىدىغان پىسخىكا دوختۇرى بىر قېتىم ماڭا: «كىشى جورىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، ھۆرمەت پۇتكۇل قىممەت قاراشلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك» دېگەنىدى. ئەگەر بىرەرسى سىزگە بىر قېتىم بىھۆرمەتلىك قىلسا، بۇ ئاشۇ كىشى بىلەن — مەيلى ئۇ كونا دوست ياكى ھازىرقى ھەمراھىڭىز بولسۇن — بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش سىگنالىدۇر. بىرەر مۇناسىۋەتنى دەسلەپتە باشلىغان ۋاقتىڭىزدا، ھۆرمەتنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى قارشى تەرەپكە ئېنىق بىلدۈرۈڭ. بۇ توغرىدا سەممىي ۋە ئوچۇق سۆزلۈك بولۇڭ. مەسىلەن، مۇنداق دېسىڭىز بولىدۇ: «مەن مۇناسىۋەتلەردە ئۆزئارا ھۆرمەتنى چوڭ بىلىمەن، ئەگەر سىز ماڭا بىر قېتىم بىھۆرمەتلىك قىلسىڭىز، مۇناسىۋەتنى ئاياغلاشتۇرىمەن ۋە ئىككىنچىلەپ ئارقامغا قايتمايمەن. چۈنكى، مەن ھۆرمەتنى چوڭ بىلىمەن، سىز مېنى ھۆرمەتلەپلا قالماي، مەنمۇ سىزنى ھۆرمەتلىشىم كېرەك. مۇناسىۋەت ئورناتقىنىمىزغا قانچىلىك ئۇزۇن بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھۆرمەت ئاساسىدا داۋاملىشىشى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.»

12. قەدىردانلىرىڭىزغا ھەر كۈنى تېلېفون قىلىڭ

سىز قايسى قېتىملىق پاراڭلىشىشنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق پاراڭلىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز. ھايات تولىمۇ تېز ئۆتىدۇ، بەزىدە يېقىنلىرىمىزدىن تۇيۇقسىزلا ئايرىلىپ قالىمىز. لېكىن، ئەگەر سىز داۋاملىق ئاتا-ئانىڭىز، دوستلىرىڭىز ياكى يېقىنلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىشقا ئادەتلەنسىڭىز، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىكى

پۇشايمىنىڭىز نىسبەتەن يېنىك بولىدۇ. دوستلىرىڭىزغا ۋە تۇغقانلىرىڭىزغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلارنى چوڭ بىلىدىغانلىقىڭىزنى ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. بۇ خىل «ئۇششاق» پەيتلەرنىڭ جۇغلىنىشىدىن ئىنتايىن كۈچلۈك يېقىنلىق ۋە مېھىر-مۇھەببەت ھاسىل بولىدۇ. بىر كۈنى، سىز ياخشى كۆرىدىغان بىرى ئۆلۈپ كەتسە، سىز ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولغاچقا، سىزدە ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئېسىل ئەسلىمىلەر بار بولىدۇ.

13. باشقىلارنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە تەكرار ئويلىنىۋەرمەڭ

بۇگۈنكى ئاخىرقى ساۋاق كاللىڭىزدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان سۆز ۋە پىكىرلەرگە ئالاقىداردۇر. ئوي-خىياللىرىنى باشقۇرۇش خۇسۇسىدا پسىخولوگدىن ياردەم ئېلىپ باققانلار تاپقانلار بۇ ساۋاقنى تېخىمۇ تېز ئۆگىنەلىشى مۇمكىن. ئادەتتە، بىز ئۆز-ئۆزىمىزگە «ئىشلارنى قاملاشتۇرالمىدىم، قولۇمدىن ئىش كەلمەيدىكەن ياكى پالانى ئىشنى قىلغۇدەك لاياقىتىم يوقكەن» دېگەنلەرنى تەلقىن قىلغىنىمىزدا، بىز بۇ خىياللارنىڭ ئەسلى ساھىبلىرى ئەمەسمىز. باشقىلار سىزنى مەلۇم بىر ئىشتا ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن — ھەتتا ئۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز بولمىسىمۇ — ئۆز-ئۆزىڭىزگە يىللاپ تاپا-تەنە قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئاتا-ئانىمىز كىچىك ۋاقتىمىزدا بىزگە «سەن تولىمۇ ئەسكى بالا» دېگەن بولسا، گەرچە بىز شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا خېلى بەكلا ئۆزگەرگەن بولساقمۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىمىزنى ئەسكى دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. ئۆزىڭىزنى ئۇچرىتىدىغان زىيانلىق ھەمدە رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنى كاللىڭىزغا كىرگۈزۈۋېلىشىنىڭ ئورنىغا، شۇ پىكىر ۋە سۆزلەرنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈشىڭىز تولىمۇ مۇھىم.

خۇلاسە

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرىدىن سىرت، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھايات ساۋاقلىرى تولىمۇ كۆپ. ياشانغانلار ساناتورىيەسىدە بىر مەزگىل پىدائىي بولۇپ ئىشلەپ، شۇ يەردىكى كىشىلەردىن ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ۋە ئەڭ جاپالىق پەيتلەرنىڭ قايسىلىقىنى سوراپ بېقىڭ. بۇنىڭدىن سىرت، سىز بۇ ھايات ساۋاقلىرىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆز ساۋاقلىرىڭىزنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئوخشاش خاتالىقلارنى سادىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://declutterthemind. com/blog/life_lessons/



# ئاساسىي پرىنسىپلار: كىچىك ئۆزگىرىشلەر نېمە ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە؟

جييمس كلر

# ئاساسىي پرىنسىپلار: كىچىك ئۆزگىرىشلەر نېمە ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە؟

بىرىنچى باب

مىكرو ئادەتلەرنىڭ غايەت زور كۈچى

جېيمىس كلىر

(بۇ مەزمۇن «Atomic Habits» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ژۇرنىلىمىز بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ نەشر قىلماقتا. مەزكۇر كىتاب «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەڭ بازارلىق كىتابلار تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. شۇنداقلا، ئەللىك نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا توققۇز مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلغان)

2003-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەنگلىيە ۋېلسىپىتچىلەر ئۇيۇشمىسى زور ئۆزگىرىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئەنگلىيەدىكى كەسپىي ۋېلسىپىت ھەرىكىتىنى باشقۇرىدىغان مەزكۇر ئاپپارات شۇ چاغدا دېيۋ برېيلسفوردنى (Dave Brailsford) ئۆزىنىڭ يېڭى ئۈنۈم نازارەتچىسىلىكىگە تەكلىپ قىلغانىدى. دېيۋ بۇ ۋەزىپىنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئەنگلىيەلىك كەسپىي ۋېلسىپىتچىلەرنىڭ تۈزۈكرەك نەتىجە قازىنالمىغىنىغا بىرەر يۈز يىلدەك بولۇپ قالغانىدى. يەنى 1908-يىلدىن كېيىن، ئەنگلىيەلىك ۋېلسىپىتچىلەر ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئاران بىر دانىلا ئالتۇن مېدال ئېلىپ باققانىدى. ئۇلارنىڭ كەسپىي ۋېلسىپىتچىلىك ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ مۇسابىقە بولغان «فرانسىيەنى ئايلىنىش ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى»دىكى ئىپادىسى تېخىمۇ ناچار بولۇپ، 110 يىلدىن بۇيان، ئەنگلىيەلىك ھېچبىر ۋېلسىپىتچى بۇ مۇسابىقىدە مېدالغا ئېرىشىپ باقمىغانىدى.

ئەنگلىيەلىك ۋېلسىپىتچىلەرنىڭ ئىپادىسى شۇ قەدەر ناچار ئىدىكى، ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ ۋېلسىپىت ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلەردىن بىرى ئەنگلىيە ۋېلسىپىت كوماندىسىغا ۋېلسىپىت سېتىپ بەرگىلى ئۇنىمىغانىدى. چۈنكى، ئۇلار باشقا تەنھەرىكەتچىلەر ئەنگلىيەلىك ۋېلسىپىتچىلەرنىڭ ئۆز شىركىتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەتكىنىنى كۆرگەندە، بۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالماس بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

ھالبۇكى، دېيۋ برېيلسفوردنىڭ تەكلىپ قىلىنىشى بىلەن، ئەنگلىيەدىكى كەسپىي ۋېلسىپىتچىلىك يېڭى تەرەققىيات يولىغا كىردى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەشغۇلاتلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئۆزى

تۆزگەن «ئۇششاق پايدىلارنى جۇغلاش» (the aggregation of marginal gains) تاكتىكىسىنى قەتئىي ئىجرا قىلغانىدى. مەزكۇر تاكتىكىنىڭ ئۇللۇق ئۇقۇمى «قىلغان ھەربىر ئىشتا ــ ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ ــ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش» ئىدى. برېيلسفورد بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىز مۇنداق بىر پرىنسىپقا رىئايە قىلدۇق: ئالدى بىلەن، ۋېلسىپىت مىنىشكە ئالاقىدار بارچە ھالقىلارنى ئايرىپ چىقتۇق. ئاندىن ئايرىپ چىقىلغان ھەربىر ھالقىنى بىر پىرسەنت ئىسلاھ قىلدۇق. ھەرقايسى بۆلەكلەردىكى ئىلگىرىلەشلەرنى جۇغلىغىنىمىزدا، ئومۇمىي سەۋىيەنىڭ كۆرۈنەرلىك يۈكسەلگەنلىكىنى بايقايسىز.»

برېيلسفورد ۋە ئۇنىڭ ياردەمچى مەشقاۋۇللىرى ئىشنى كەسپىي ۋېلسىپىت كوماندىسىدىكىلەرنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا ئازغىنە تەڭشەش ئېلىپ بېرىشتىن باشلىغان. ئۇلار ۋېلسىپىتنىڭ ئېگەرىنى تېخىمۇ راھەت قىلىپ قايتا لايىھەلىگەن، شۇنداقلا بالونغا ئىسپىرت سۈركەپ، ئۇنىڭ يەر قاماللاش كۈچىنى (grip) تېخىمۇ ئاشۇرغان. مەشقاۋۇللار يەنە ۋېلسىپىت مىنىش جەريانىدا ۋېلسىپىتچىلەرنىڭ مۇسكۇلىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تېمپېراتۇرىنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن توك بىلەن ئىسسىتىلىدىغان ئاياغ كىيىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقلا، بىيولوگىيەلىك ئىنكاس سېنزورى ئارقىلىق ھەربىر تەنھەرىكەتچىنىڭ مۇئەييەن مەشىق ئەندىزىسىگە قايتۇرغان ئىنكاسىنى ئۆلچىگەن. مەزكۇر مەشقاۋۇللار ئەترىتى يەنە تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملارنى شامال تونىلىدا (Wind tunnel) سىناق قىلىش نەتىجىسىدە، سىرتتا ۋېلسىپىت مىنىدىغان ماھىرلارغا زال ئىچى مۇسابىقە كىيىمى كىيگۈزۈشنى قارار قىلغان. چۈنكى، بۇ خىل كىيىم تېخىمۇ يېنىك ۋە ھاۋا قارشىلىقى تېخىمۇ تۆۋەن ئىدى.

ھالبۇكى، ئۇلار يۇقىرىقىلار بىلەنلا كۇپايىلەنمىگەن. برېيلسفورد ۋە ئۇنىڭ ئەترىتىدىكىلەر يەنە ئاسانلا نەزەردىن ساقىت قىلىنىدىغان ۋە كىشىنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان جەھەتلەردە بىر پىرسەنتلىك ئىلگىرىلەش بوشلۇقى ئىزدىگەن. مەسىلەن، ئۇلار قايسى خىل ئۇۋۇلاش يېلىملىرىنىڭ مۇسكۇلنى ئەڭ تېز ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئۇۋۇلاش يېلىملىرىنى سىناق قىلغان. ئۇلار يەنە تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى تەكلىپ قىلىپ، ۋېلسىپىتچىلەرنىڭ زۇكام بولۇش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەڭ توغرا قول يۇيۇش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن. ئۇلار يەنە ھەربىر ماھىرغا ئۆزگە خاس لايىھەلەنگەن ياستۇق ۋە ماتراس سەپلەپ، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇ سۈپىتىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشكە تىرىشقان. ئۇلار يەنە كوماندىنىڭ يۈك ماشىنىسىنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئاق رەڭدە بويىغان بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، يۈك ماشىنىسىنىڭ ئىچىدىكى توپا-چاڭلارنى بايقىغىلى بولاتتى. ئادەتتە ئاسانلىقچە بايقىغىلى بولمايدىغان بۇ توپا-چاڭلار ئىنچىكىلىك بىلەن تەڭشەلگەن ۋېلسىپىتلەرنىڭ ئىقتىدارلىرىغا تەسىر يەتكۈزەتتى.

مانا مۇشۇ خىل يۈزلىگەن كىچىك «ئىسلاھات»لارنىڭ ئۈنۈمى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان دەرىجىدە تېز كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

برېيلسفورد كوماندىغا مەسئۇل بولۇپ بەش يىلدىن كېيىن، يەنى 2008-يىلىدىكى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ تاشيول ۋە مۇسابىقە يولى ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى تۈرلىرىدە، ئەنگلىيە ۋېلسىپىت كوماندىسىنىڭ ئىپادىسى تولىمۇ قالتىس بولۇپ، مۇشۇ تۈرلەردىكى ئالتۇن مېداللارنىڭ ئاتمىش پىرسەنتىنى قولغا كەلتۈردى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، ئولىمپىك مۇسابىقىسى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قالتىس نەتىجىسى تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە چىقىپ، توققۇز تۈرلۈك ئولىمپىك رېكورتىنى ۋە يەتتە تۈرلۈك دۇنيا رېكورتىنى بۇزدى.

شۇ يىلى، برېيدلىي ۋىگىنس (Bradley Wiggins) فرانسىيەنى ئايلىنىش ۋېلسىپىت مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونلۇقىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئەنگلىيەلىك ۋېلسىپىت ماھىرى بولۇپ قالدى. كېيىنكى يىلى، ئۇنىڭ سەپدىشى كرىس فرۇم (Chris Froome) بۇ مۇسابىقىدە چېمپىيون بولدى. شۇنداقلا، 2015-، 2016- ۋە 2017-يىللىرى يەنە ئۇدا چېمپىيون بولۇپ، ئەنگلىيە ۋېلسىپىت كوماندىسى بۇ مۇسابىقىدە ئالتە يىل ئىچىدە بەش قېتىم چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

2007-يىلىدىن 2017-يىلىغىچە بولغان ئون يىلدا، ئەنگلىيە ۋېلسىپىت كوماندىسىنىڭ ماھىرلىرى جەمئىي 178 قېتىم دۇنياۋى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىلىرىنىڭ چېمپىيونلۇقىغا، 66 دانە ئولىمپىك ياكى مېيىپلار ئولىمپىكى ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى. شۇنداقلا، فرانسىيەنى ئايلىنىش ۋېلسىپىت مۇسابىقىسىدە ئارقا-ئارقىدىن بەش قېتىم چېمپىيون بولدى. بۇ كەسپىي ۋېلسىپىت ھەرىكىتى تارىخىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر نەتىجە دەپ قارالدى.

بۇ زادى قانداق ئىش؟ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىچىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانداقتۇر خاسىيەتلىك ئۈنۈمى بولماستىن، ئېشىپ كەتسە ئانچە-مۇنچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغان تۇرسا، ئاددىي تەنھەرىكەتچىلەردىن تەركىب تاپقان، ئىلگىرىكى ئىپادىسىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى بولمىغان بۇ كوماندا قانداق قىلىپ بۇ قەدەر زور ئۆزگىرىشنى روياپقا چىقىرىپ، دۇنيا چېمپىيونىغا ئايلىنالىدى؟ نېمە ئۈچۈن كىچىككىنە ئىلگىرىلەشتىن بۇ قەدەر كۆرۈنەرلىك نەتىجە روياپقا چىقىدۇ؟ شۇنداقلا، سىز بۇ خىل چارىنى ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا قانداق تەدبىقلىيالايسىز؟

كىچىك ئادەتلەر نېمە ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدۇ؟

كىشىلەر ھە دېگەندىلا بەزى ھەل قىلغۇچ پەيتلەرنىڭ ئەھمىيىتى يۇقىرى مۆلچەرلىنىپ، ھەركۈنى روياپقا چىقىرىلىدىغان كىچىك ئىلگىرىلەشلەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن چاغلاپ قالىدۇ. بىز دائىم «چوڭ

مۇۋەپپەقىيەت زور كۆلەملىك ھەرىكەتلەرنى تەقەززا قىلىدۇ» دېگەن نۇقتىنى ئۆزىمىزگە تەلقىن قىلىپ تۇرىمىز. مەيلى ئورۇقلاش، ئىگىلىك تىكلەش، كىتاب يېزىش، چېمپىيون بولۇش ياكى باشقا ھەرقانداق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بولسۇن، بىز دائىم ئۆزىمىزگە بېسىم قىلىپ، ھەممە ئادەم ئاغزىنى ئېچىپلا قالغۇدەك ئالەمشۇمۇل ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈرۈنىمىز.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، بىر پىرسەنت ئىلگىرىلەش كىشىلەرنىڭ ھېچقانچە دىققىتىنى تارتالمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور بولۇشى مۇمكىن. ئۆزۈننى ئويلىغاندا، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كىچىك ئىلگىرىلەشلەردىن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلى مۇنداق: ئەگەر سىز ئۇدا بىر يىل ھەركۈنى بىر پىرسەنتتىن ئىلگىرىلىسىڭىز، يىل توشقاندا 37 ھەسسە ئىلگىرىلەيسىز. ئەكسىچە، ئەگەر سىز بىر يىل بويىچە كۈنىگە بىر پىرسەنتتىن چېكىنسىڭىز، يىل توشقاندا ھازىر ئىلكىڭىزدە بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن نۆلگە چۈشۈپ قالىدۇ. كىچىككىنە غەلىبىلەر ياكى مەغلۇبىيەتلەر جۇغلانسا، غايەت زور غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

كۈندە بىر پىرسەنتتىن ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى




1-رەسىم: ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مىكرو ئادەتلەرنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز ھەر كۈنى بىر پىرسەنتتىن ئىلگىرىلىيەلىسىڭىز، بىر يىلدىن كېيىن نەتىجىڭىز 37 ھەسسە يۇكسىلىدۇ.

ئادەت ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ دۆمىلىما پايدىسىدۇر. خۇددى پۇل دۆمىلىما پايدا ئارقىلىق ھەسسىلەپ كۆپەيگەندەك، ئادەتلىرىڭىزنىڭ ئۈنۈمىمۇ سىزنىڭ شۇ ئادەتلەرنى ئىزچىل تەكرارلىشىڭىز نەتىجىسىدە ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بىر-ئىككى كۈندە ھېچقانچە پەرقنى بايقىيالمايسىز. لېكىن، بىر نەچچە ئاي ياكى بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سىز بۇ ئادەتلەرنىڭ غايەت زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنى بايقايسىز. ئارىدىن، ئىككى يىل، بەش يىل ياكى ئون يىل ئۆتكەندە، ئۆتمۈشكە نەزەر سالسىڭىز، ئاندىن ياخشى ئادەتنىڭ قىممىتىنىڭ ۋە ناچار ئادەتنىڭ بەدىلىنىڭ كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

كۆندىلىك تۇرمۇشتا بۇ ئۇقۇمنى ئاڭقىرىش قىيىنغا توختىشى مۇمكىن. بىز ئادەتتە كىچىك ئۆزگىرىشلەرگە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيمىز. چۈنكى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ھېچقانچە ئۆزگىچىلىكى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، سىز ھازىر ئازغىنە پۇلنى ساقلاپ قويسىڭىز، مىليونېرلىقتىن يەنىلا كۆپ يىراقتا بولىسىز؛ ئۈدا ئۈچ كۈن چېنىقىش زالىغا بارسىڭىزمۇ، بەدىنىڭىزدە ھېچقانداق ياخشىلىنىش كۆرۈلمەيدۇ؛ بۈگۈن كەچتە بىر سائەت ئېنگلىزتىلى ئۆگەنگەن بولسىڭىزمۇ، يەنىلا بۇ تىلغا ماھىر بولالمايسىز. بىز بەزى ئۆزگىرىشلەرنى روياپقا چىقارغان بولساقمۇ، يەنىلا كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلمەيمىز-دە، شۇ سەۋەبلىك ئىلگىرىلەشكە بولغان رىغبىتىمىز سۇسلاپ، ئىلگىرىكى ھالىتىمىزگە قايتىۋالىمىز.

ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۆزگىرىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقى يەنە ناچار ئادەتلەردىن قۇتۇلۇشنى تەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر سىز بۈگۈن كەچتە بىر ۋاخ نامۇۋاپىق ئوزۇقلانغان بولسىڭىز، بەدەن ئېغىرلىقىڭىز ھېچقانچە ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ ئەگەر سىز بۈگۈن كەچتە بەك كەچكىچە ئىشلەپ، ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ۋاقىت ئاجراتمىغان بولسىڭىز، ئۇلار دەماللىققا سىزدىن رەنجىپ كەتمەيدۇ؛ ئەگەر سىز قولىڭىزدىكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرسىڭىز، ھامىنى ئۇنى تۈگەتكۈدەك ۋاقىت چىقىرالايسىز. كىشىلەر ھەردائىم ئۆزىنى بىرەر قېتىم ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشنىڭ كارايىتى چاغلىق، دەپ قارايدۇ.

لېكىن، ئەگەر بىراۋ ھەركۈنى بىر پىرسەنتلىك خاتالىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، يەنى تەكرار ناباب قارار چىقىرىپ، كىچىك خاتالىقلارنى تەكرارلاۋەرسە ھەممە كىچىك خاتالىقلىرى ئۇچۇن باھانە ئىزدىسە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ناباب كىچىك تاللاشلار زىيانلىق ئاقىۋەتكە ئايلىنىدۇ-دە، يا بۇ يەردە، يا ئۇ يەردە بىر پىرسەنتلىك ناچارلىشىش كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل خاتالىقلار جۇغلانسا، ئۇنىڭ ناچار ئاقىۋەتلىرى مانا مەن دەپلا مەلۇم بولىدۇ.

ئادىتىڭىزنى شۇنچىكى ئۆزگەرتىشىڭىزنىڭ تەسىرى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش لىنىيەسىنى بىر قانچە گرادۇس تەڭشىشىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ: سىز لوس ئانجېلىستىن نيۇيوركقا قاراپ ئۇچىتىڭىز. ئايروپىلان لوس ئانجېلىس خەلقئارالىق ئايرودرومىدىن قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇچقۇچى ئۇچۇش لىنىيەسىنى جەنۇبقا ئۈچ يېرىم گرادۇس تەڭشىسىلا، مەنزىلىڭىز نيۇيوركتىن ۋاشىڭتونغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ئايروپىلان ئۇچۇشقا باشلىغاندا سىز بۇ خىل كىچىك ئۆزگىرىشنى ئاساسەن ھېس قىلالمايسىز. چۈنكى، بۇ خىل ئەھۋالدا، ئايروپىلاننىڭ بېشى پەقەت بىر قانچە فۇتلا (بىر فۇت تەخمىنەن ئوتتۇز سانتىمېترغا باراۋەر، ت) بۇرىلىدۇ. لېكىن، ئاشۇنچىلىك پەرقنى (ماسشتاب بويىچە) پۈتكۈل ئامېرىكاغا كېڭەيتسىڭىز، ئىككى مەنزىل ئارىسىدا نەچچە يۈز مىل پەرق كۆرۈلگەنلىكىنى بايقايسىز.

شۇنىڭغا ئوخشاش، كۈندىلىك ئادەتلىرىڭىزدە شۇنچىكى ئۆزگىرىش كۆرۈلسىلا، ھاياتلىق يولىڭىز تامامەن پەرقلىق بىر مەنزىلگە تۇتىشىدۇ. سىز بىر پىرسەنت ياخشىلىنىش ياكى ناچارلىشىش توغرىسىدا قارار چىقارغان ۋاقتىڭىزدا، بۇ قارار ئاشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە پەقەتلا كۆزگە چېلىقمايدۇ. لېكىن، سىز سان-ساناقسىز پەيتلەردىن تەركىب تاپقان ھاياتلىق مۇساپىڭىزگە نەزەر سالسىڭىز، ئاشۇ تاللاشلىرىڭىز

«سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىز» بىلەن «كىم بولۇشىڭىز مۇمكىنلىكى» ئارىسىدىكى پەرقنى بەلگىلەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قانداقتۇر ھاياتتا بىرەر قېتىم كۆرۈلىدىغان غايەت زور بۆرۈلۈشلارنىڭ ئەمەس، بەلكى كۈندىلىك ئادەتلەرنىڭ جۇغلانمىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

دېمەك، سىزنىڭ مۇشۇ پەيتتىنىڭ ئۆزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىڭىز ياكى ھېچبىر ئىشنى روياپقا چىقىرالمىغانلىقىڭىز مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى نۆۋەتتىكى تۇرمۇش ئادىتىڭىزنىڭ سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئاپىرىدىغان يولغا كىرگۈزەلىگەن-كىرگۈزەلمىگەنلىكىدۇر. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىر قانداق ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن بەكرەك، نۆۋەتتىكى ھاياتلىق لىنىيەڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە مىليونېر بولسىڭىز، لېكىن ھەر ئايلىق خىراجىتىڭىز كىرىمىڭىزدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا كېلەچەك لىنىيەڭىز تولىمۇ چاتاق دېگەن گەپ. ئەگەر سىز ئىستېمال ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتمىسىڭىز، ئاقىۋىتىڭىز چوقۇم چاتاق بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ھازىرقى كىرىمىڭىز ئاز بولسا، لېكىن سىز ھەرئايدا ئاز بولسىمۇ پۇل يىغىپ قويىۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز مالىيەۋى ھۆرلۈككە (financial freedom) تۇتىشىدىغان يولغا كىرگەن بولىسىز. ئىلگىرىلەش سۈرئىتىڭىز كۆزلىگىنىڭىزدىن تۆۋەن بولسىمۇ، ئەھۋال يەنىلا شۇنداق.

سىز ئېرىشكەن نەتىجىلەر ئادەتلىرىڭىزنى ئۆلچەيدىغان «ئىشتىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتكۈچى»دۇر (lagging measure — بۇ بىر ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان كۆرسەتكۈچتۇر. مەسىلەن، كىشى تىل ئۆگىنىش ئادىتىنى ئۇدا بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتە كۆڭۈلدىكىدەك ئىلگىرىلىگەن ياكى ئىلگىرىلىيەلمىگەن بولسا، ئاشۇ ئىلگىرىلەش ياكى ئىلگىرىلىيەلمەسلىك ئۇنىڭ تىل ئۆگىنىش ئادىتىنىڭ «ئىشتىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتكۈچى» ھېسابلىنىدۇ، ت). ساپ مۈلكىڭىز سىزنىڭ مالىيەۋى ئادەتلىرىڭىزنى ئۆلچەيدىغان ئىشتىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتكۈچىدۇر. بەدەن ئېغىرلىقىڭىز يېمەك-ئىچمەك ئادىتىڭىزنى ئۆلچەيدىغان ئىشتىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتكۈچىدۇر. بىلىمىڭىز ئۆگىنىش ئادىتىڭىزنى ئۆلچەيدىغان ئىشتىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتكۈچىدۇر. (ھۇجرىڭىز دېگەندەك) تۇرمۇش مۇھىتىڭىزنىڭ رەتلىك-قالايمىقانلىقى تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئۆلچەيدىغان ئىشتىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتكۈچىدۇر. ئېرىشكەنلىرىڭىز كۈن-كۈنلەپ، يىل-يىللاپ داۋاملاشتۇرغان ئادەتلىرىڭىزنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەگەر سىز (مەۋجۇت شارائىتلار ئۆز پېتى داۋاملاشقان ئەھۋالدا) كەلگۈسىڭىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولسىڭىز، كىچىك پايدا ۋە كىچىك زىيانلار توغرىسىدىكى ئەگرى سىزىقنى سىزىپ چىقىپ، كۈندىلىك تاللاشلىرىڭىزنىڭ كەلگۈسى ئون يىل ياكى يىگىرمە يىلدا، قانداق بىرىكمە تەسىرى بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقسىڭىزلا بولىدۇ. ھەر ئايلىق خىراجەتلىرىڭىز كىرىمىڭىزدىن تۆۋەنمۇ؟ ھەر ھەپتىدە چېنىقىش زالىغا بېرىۋاتامسىز؟ ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ، يېڭى نەرسىلەرنى

ئۆگىنىۋاتامسىز؟ ئەنە شۇنداق كىچىك «مۇجادىلە»لەر كەلگۈسىڭىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىسىدىكى پەرق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى چوڭىيىدۇ. مەيلى سىز قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تىرىشىڭ، چوقۇم ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسىز. ياخشى ئادەت ۋاقىتنى ئىتتىپاقدىشىڭىزغا ئايلاندۇرسا، يامان ئادەت ئۇنى دۈشمىنىڭىزگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئادەت قوش بىسلىق خەنجەردۇر. يامان ئادەت سىزنى ھالاك قىلسا، ياخشى ئادەت سىزنى بارغانسېرى يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇ ئىككىلا خىل جەريان تولىمۇ ئاسانلا روياپقا چىقالايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇنىڭ تەپسىلاتلىرىنى تولۇق چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. سىز يامان ئادەتلەرنىڭ تەسىرىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئادەتنىڭ قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى ھەمدە ئادەتلەرنى ئۆز خاھىشىڭىزغا بىنائەن بېكىتىشنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك.

ئادىتىڭىز پايدىڭىزنىمۇ، زىيىنىڭىزمۇ ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋېتەلەيدۇ

ھەقىقىي ئىلگىرىلەش قانداق بولىدۇ؟

شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئالدىڭىزدىكى ئۈستەلدە بىر پارچە مۇز بار، ئۆي ئىنتايىن سوغۇق. سىز نەپەس ئالغان چېغىڭىزدا چىققان ھورلارنىمۇ كۆرەلەيسىز.

شۇ چاغدىكى تېمپېراتۇرا 25 فېرىنخايت گرادۇسى (Fahrenheit ــ يەنە بىر خىل تېمپېراتۇرا بىرلىكى بولۇپ، بەلگىسى °F دۇر. بۇ ئۆلچەمگە كۆرە، ئۆلچەملىك ھاۋا بېسىمى ئاستىدا، مۇزنىڭ ئېرىش نۇقتىسى 32 فېرىنخايت گرادۇسى، سۇنىڭ قايناش نۇقتىسى 212 فېرىنخايت گرادۇسىدۇر، ت) ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆي ئاستا-ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى.

26 گرادۇس.

27 گرادۇس.

28 گرادۇس.

ئەمما، ئۈستەلدىكى مۇز شۇ پېتى تۇراتتى.

29 گرادۇس.

30 گرادۇس.

31 گرادۇس.

يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

ئاندىن، تېمپېراتۇرا 32 گرادۇسقا چىقتى ـ دە، مۇز ئېرىشكە باشلىدى. بۇ يەردە تېمپېراتۇرا پەقەت بىر گرادۇسلا ئۆرلىگەچكە، ئالدىنقى تېمپېراتۇرا بىلەن ھېچقانچە پەرقى يوقتەك قىلاتتى، لېكىن ئارىدىكى شۇنچىكى پەرق غايەت زور ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولدى.

بۆسۈش كۆپىنچە ھاللاردا شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر جۇغلىنىپ، زور ئۆزگىرىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان يوشۇرۇن كۈچنى قوزغىتىدۇ. بۇ خىل ئەندىزىلەرنى ھەممىلا يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىيىش مەزگىلىنىڭ سەكسەن پىرسەنت ۋاقتىدا ئۇنى بايقىغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا پۈتۈن بەدەننى چىرمىۋالىدۇ. بامبۇكنى دەسلەپكى بەش يىللىق ئۆسۈش مەزگىلىدە ئاساسەن كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەر ئۈستىدە ئالتە ھەپتە ئىچىدە 27 مېتىر ئۆسۈشتىن ئىلگىرى، ئىزچىل ھالدا يەر ئاستىدا ھەر تەرەپكە تارالغان يىلتىز سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، سىزمۇ ئادەت يېتىلدۈرۈش جەريانىدا، تاكى مەلۇم بىر كۆنى ھالقىلىق نۇقتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭى پەللىگە يۈكسەلگەنگە قەدەر، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلالمايسىز. كۆپىنچە ھاللاردا، ھەرقانداق ئىزدىنىشنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، كىشىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولمايدىغان بىر مەزگىل بولىدۇ. سىز دەرھال بىر ئىشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىسىز، ئەمما سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى شۇكى، دەسلەپكى بىر قانچە كۈن، ھەتتا بىر قانچە ئايدا، ئاساسەن روشەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆرەلمەيسىز. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىڭىزنى بىكاردىن بىكار پالاقشىپ يۈرگەندەك ھېس قىلىسىز. بۇ ھەرقانداق جۇغلانما ئۈنۈم ھاسىل قىلىش جەريانىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەڭ قالتىس نەتىجە ئالدىراپ قولغا كەلمەيدۇ.

مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئادەتنى سىجىل داۋاملاشتۇرالماسلىقىدىكى يادرولۇق سەۋەبلەردىن بىرىدۇر.

كىشىلەر ئۆز ھاياتىدا بەزىبىر نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىپ باقىدۇ ـ يۇ، ئەمما مەلۇم مەزگىلدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرەلمىگەچكە، ۋاز كەچمەكچى بولىدۇ. مەسىلەن، سىز: «يۈگۈرۈۋاتقىنىمغا بىر ئاي بولۇپ قالدى، لېكىن بەدىنىمدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ خىل خىيال ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ھامان، ياخشى ئادەتلەردىن ئاسانلا ۋاز كېچىسىز. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، يېڭى يېتىلدۈرگەن ئادەتلەرنى راۋۇرۇس ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرغاندا، ئاندىن روشەن ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدىغان تۇرغۇنلۇق مەزگىلىدىن (مەن بۇنى «يوشۇرۇن كۈچ توپلاش مەزگىلى» دەپ ئاتايمەن) ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ.

ئەگەر سىز ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشتە ياكى يامان ئادەتتىن قول ئۈزۈشتە بەكلا قىينىلىۋاتقاندەك ھېس قىلسىڭىز، بۇ قانداقتۇر سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىڭىزدىن مەھرۇم قالغانلىقىڭىزدىن ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن كۈچ توپلاش مەزگىلىدىن ئۆتۈپ بولالمىغانلىقىڭىزدىندۇر.

«شۇنچە تىرىشىپمۇ ئۇتۇق قازىنالمىدىم» دەپ قاقشاش خۇددى تېمپېراتۇرىنىڭ 25 فېرېنخايت گرادۇسىدىن 31 گرادۇسقىچە ئۆرلىشىگە قارىماستىن، مۇزنىڭ يەنىلا ئېرىمەيۋاتقانلىقىدىن قاقشاشقا ئوخشايدۇ. قىلغان تىرىشچانلىقلىرىڭىز بىكارغا كەتكىنى يوق، ئۇلار پەقەت جۇغلانماقتا، خالاس. تېمپېراتۇرا 32 فېرېنخايت گرادۇسقا چىققان هامان، هەممە ئىش راۋانلىششقا باشلايدۇ.

يوشۇرۇن كۈچ توپلاش مەزگىلىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن چېغىڭىزدا، كىشىلەر بۇنى «بىر كۈندە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت» دەپ ئاتىشىدۇ. كىشىلەر پەقەت ئىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنىلا كۆرۈپ، شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى جەرياننى نەزەردىن ساقىت قىلىشىدۇ. لېكىن، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزنى بۈگۈنكى هالقىشلارغا مۇيەسسەر قىلغىنى ئۆز ۋاقتىدا هېچقانداق ئىلگىرىلەش يوقتەك كۆرۈنگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك تىرىشچانلىقلىرىڭىزدۇر.

مەلۇم بىر خىل ماهارەتنى پۇختا ئىگىلەش ئۈچۈن سەۋرچان بولماق لازىم. سان ئانتونىيو ئات تەپكىسى (spur ــ ئاتلىقلار ئۆتۈكىنىڭ ئاپقۇتىغا تاقىۋالىدىغان تەپكە) كوماندىسى NBA تارىخىدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق كوماندىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىنىڭ تېمىغا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى جاكوب رىسنىڭ (Jacob Riis) مۇنۇ سۆزىنى ئېسىۋېلىشقان: «هەرقېتىم ئۆزۈمنى چارىسىز هېس قىلغىنىمدا، تاشچىنىڭ تاش يونۇغىنىنى كۆرگىلى بارىمەن. ئۇ 100 قېتىم يونۇسىمۇ، تاشتا هېچقانداق يېرىلىش ئالامىتى كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، 101 ـ قېتىمغا كەلگەندە، تاش ئىككىگە يېرىلىدۇ. مەن بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق يونۇشنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يونۇشلارنىڭ جۇغلانما نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.»

## يوشۇرۇن كۈچ توپلاش مەزگىلى




2-رەسىم: بىز دائىم نەتىجىلىرىمىزنىڭ تۈز سىزىقلىق هالەتتە يۈكسىلىشىنى، ئەڭ كەمدە تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ دەرهال ئۈنۈمى كۆرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا، بىز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، نەتىجە كۆرۈلۈشكە جەريان كېتىدۇ. بىز ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ هەقىقىي قىممىتىنى بىر قانچە ئاي ياكى بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن تونۇپ يېتىشىمىز مۇمكىن. بۇ خىل هالەت «ئۈمىدسىزلىك مەزگىلى»نىڭ كۆرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. يەنى كىشىلەر بىر قانچە هەپتە ياكى بىر قانچە ئاي جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ هېچقانداق روشەن ئۈنۈمنى كۆرەلمىگەچكە، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. هالبۇكى، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتكەن بولماستىن، جۇغلىنىۋاتقان بولىدۇ. ئارىدىن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ قىممىتى ئاندىن تولۇق نامايەن بولىدۇ.

كىچىك قەدەملەرنى باسماي تۇرۇپ، مىڭ چاقىرىملىق سەپەرنى قانداقمۇ تاماملىغىلى بولسۇن؟ يەككە، كىچىك قارارلار ئادەتلەرنىڭ ئۇرۇقىدۇر. لېكىن، بۇ خىل قارارلارنىڭ ئۇزلۇكسىز تەكرارلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر خىل ئادەت بىخلىنىشقا باشلايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ يىلتىزى بارغانسېرى چوڭقۇرلايدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ، يوپۇرماقلىرىمۇ بارغانسېرى بۈك-باراقسانلىشىدۇ. يامان ئادەتلەردىن قۇتۇلۇش بەئەينى قەلبىمىزدىكى بۈك-باراقسان دۇب دەرىخىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇشقا ئوخشىسا، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش يۇمران بىر دەستە گۈلنى ھەركۈنى سۇغىرىپ، ئاسراپ پەرۋىش قىلىشقا ئوخشايدۇ.

ئۇنداقتا، يوشۇرۇن كۈچ توپلاش مەزگىلىدىن ئۆتۈپ، بۆسۈش ھاسىل قىلغانغا قەدەر، مەلۇم بىر ئادەتكە چىڭ يېپىشىش-يېپىشماسلىقىمىزنى زادى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ يەنە شۇنداقلا، بەزىلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشىغا، يەنە بەزىلەرنىڭ بولسا ياخشى ئادەتلەرنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىل زادى نېمە؟

## مىكرو ئادەت سىستېمىسى

ئەگەر سىز ئۆز ئادەتلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشتە قىيىنلىۋاتقان بولسىڭىز، مەسىلىنىڭ يىلتىزى سىزدە ئەمەس، بەلكى سىستېمىڭىزدا. ناچار ئادەتنىڭ داۋاملىشىشىدىكى سەۋەب سىزنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىشنى خالىمىغانلىقىڭىز ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قوللانغان سىستېمىڭىزدا مەسىلە بارلىقىدۇر.

سىز نىشاننى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئورنىغا، سىستېمىڭىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك.

يەككە نىشانغا ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي سىستېمىغا ئەھمىيەت بېرىش بۇ كىتابتىكى يادرولۇق تېمىلاردىن بىرىدۇر. سىز ھازىر «مىكرو ئادەت»تىن كىچىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ، بىر پىرسەنتلىك ئىلگىرىلەشلەرنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، مىكرو ئادەتلەر قانچىلىك كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانداقتۇر ئەرزىمەس ئادەتلەر ئەمەس. ئەكسىچە، بۇلار تېخىمۇ چوڭ سىستېمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان كىچىك ئادەتلەردۇر. خۇددى ئاتوملار مولېكۇلالارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاندەك، مىكرو ئادەتلەرمۇ قالتىس نەتىجىلەرنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئادەتلەر ھاياتىمىزدا گويا ئاتوملارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىزنىڭ ئومۇمىي يۈكسىلىشىمىزگە ھەسسە قوشىدۇ. دەسلەپتە، بۇ كىچىك ئادەتلەر ئەرزىمەستەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار بىر-بىرىگە تايىنىپ، تېخىمۇ زور غەلىبىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەسسىلەپ زورىيىش دەرىجىسى دەسلەپكى سېلىنمىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇلار كىچىك، ئەمما قۇدرەتلىكتۇر. «مىكرو ئادەت» ئىبارىسىنىڭ مەنىسى ئەنە شۇدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ

كىچىك ھەم ئاسان بولغان قانۇنىيەتلىك مەشىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان زور كۈچنىڭ مەنبەسىدۇر.

باب خۇلاسىسى

ئادەت ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ جۇغلانما پايدىسىدۇر. ئۇزۇن مۇددەتتىن ئېيتقاندا، كۈندە بىر پىرسەنت ئىلگىرىلەشنىڭ نەتىجىسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئادەت قوش بىسلىق خەنجەر بولۇپ، سىزگە پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ بولالايدۇ. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، ئادەتكە ئالاقىدار تەپسىلاتلارنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

بۆسۈش نۇقتىسىدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھېچقانداق رولى بولمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ تەدرىجىي جۇغلىنىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ، زور بۆسۈشنىڭ دەماللىققا ۋۇجۇدقا چىقماسلىقى سەۋرىڭىزنى سىنايدۇ.

مىكرو ئادەت تېخىمۇ چوڭ سىستېمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان كىچىك ئادەتلەردۇر. خۇددى ئاتوملار مولېكۇلالارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغاندەك، مىكرو ئادەتلەرمۇ قالتىس نەتىجىلەرنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئەگەر سىز تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، نىشان بېكىتمەن دەپ ئاۋارە بولماي، پۈتۈن زېھنىڭىزنى سىستېمىڭىزغا مەركەزلەشتۈرۈڭ.

نىشانىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئورنىغا، سىستېمىڭىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈڭ.

«Atomic Habits» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى


مىسلىسىز ئويغىنىش
ئەنسىز خىياللارنى تىزگىنلەشتىكى
ئەمەلىي چارىلەر
ئېلىزابېت مەكماھون

# ئەنسىز خىياللارنى تىزگىنلەشتىكى ئەمەلىي چارىلەر

دوكتور ئېلىزابېت مەكماهون

(تەشۋىشكە مۇپتىلا بولغان بىمارلارنى داۋالاش جەھەتتە قىرىق يىللىق تەجرىبىگە ئىگە پسىخولوگ)

ئەندىشە، قورقۇنچ ياكى چۆچۈش قاتارلىق ھېسسىياتلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا، بۇرمىلانغان ئوي-خىياللارنى تىزگىنلەش بەسىي مۇشكۈل.

تەشۋىشكە مۇپتىلا بولۇشتىن ئىلگىرى، ھېسسىي مېڭىڭىز بىلەن ئەقلىي مېڭىڭىزنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ باقسىڭىز بولىدۇ.

«ۋەھىمە ۋە پاكىت» تېمىسىدىكى دىيالوگ جەدۋىلى سىزنىڭ ئەندىشە ۋە ۋەھىمىنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بىز بۇرمىلانغان ياكى «غەيرىي ئىدراكىي» خىياللارنى باستۇرغاندا، تەشۋىشنى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن كونكرېت نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ ۋۇجۇدىڭىزدىكى ئەنسىزلىك تەپەككۇرىڭىزنى تىزگىنلىۋالغاندا، مەنتىقىلىق تەپەككۇردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بەدىنىڭىز ۋە ھېسسىياتىڭىز «سەن خەتەر ئىچىدە» دېگەن يەكۈننى چىقارغاندا، ئەقلىي جەھەتتە «مەن ھېس قىلىۋاتقان خەۋپ ئاساسسىزدۇر، قورقۇشقا ھاجەت يوق ياكى زىيادە ئەندىشە قىلىپ كېتىۋاتىمەن» دېگەن تونۇشقا كېلىشنىڭ ھېچقانچە پايدىسى يوق.

ئىنساننىڭ ئىككى مېڭىسى

بادام مېغىزى يادروڭىز (amygdala ــ چېكە ياپراقچىسىنىڭ ئالدى ئۇچىدىكى كۈل رەڭ تۈگۈن) ياكى ھېسسىي مېڭىڭىز (reacting brain) سىزنى تەھدىتكە ئۇچرىدى دەپ قارىسا، بۇنىڭغا دەرھال ئاپتوماتىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇ خىل ئىنكاس جايىنى تاپقاندا، پەۋقۇلئاددە ئۈنۈملۈك بولىدۇ، ھەتتا ھاياتىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ. لېكىن، بۇ جەھەتتىكى مەسىلە بۇ مېڭىنىڭ زىيادە ئىنكاسچانلىقى، زۆرۈرىيەتسىز قايغۇ، قورقۇنچ ياكى تەشۋىشنى غىدىقلايدىغانلىقىدۇر.

مېڭىڭىزنىڭ يۇقىرىقى قىسمى (يەنى ھېسسىي مېڭە) قانچە بەك تەرەققىي قىلغان بولسا، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىڭىز (cerebral cortex) ياكى ئەقلىي مېڭىڭىز (thinking brain) شۇنچە كىچىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ مېڭىنىڭ ئىنكاسى ھېسسىي مېڭىنىڭكىدىن ئاستا بولىدۇ.

ھېسسىي مېڭىنىڭ ئىنكاسى (ئەقلىي مېڭىنىڭكىدىن) تېخىمۇ تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، بەدىنىڭىزدە ئادرېنالىن (adrenaline ــ بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونى) كۆپلەپ ئاجرىلىپ چىقىدۇ-دە، بەدىنىڭىز بۇنىڭغا قارىتا ئۇرۇشقا ياكى قېچىشقا تەييارلانغاندەك ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

كاللىڭىزغا «خەتەرلىك!!!» دېگەن ئۇچۇر كەلگەن ھامان، سىز ئەنسىرەيسىز ياكى قورقىسىز ۋە كاللىڭىز دۇچار بولغۇسى تەھدىتلەرنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۇ سىرتتىن بىرەر تەھدىتنى تاپالمىسا، بەدەن تۇيغۇڭىزنى (physical sensation)، ئوي-خىياللىرىڭىزنى ياكى ھېسسىياتىڭىزنىڭ ۋەزنىنى خەتەرلىك، دەپ قاراشقا باشلايدۇ.

ئۇشبۇ ھېسسىي قۇيۇننى (emotional whirlwind) تىزگىنلەش بەسىي مۈشكۈل. سىزنىڭ ئاللىقاچان ھەرىكەتكە ئۆتكەن ھېسسىي مېڭىڭىزگە قۇلاق سېلىنىشى كېرەك، ئەمما مەزكۇر مېڭىڭىز ئۆزى ھەم (پاكىتلارغا، رېئاللىققا) قۇلاق سېلىشى كېرەك. ئەقلىي مېڭىڭىزمۇ نوقۇل ھالدا خەتەر ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىشى كېرەك.

بۇ ئىككى مېڭىڭىز ئۆزئارا سۆھبەتلىشىشى كېرەك. ئەگەر سىز تەمكىن تۇرغان چېغىڭىزدا بۇنداق قىلىشنى مەشىق قىلسىڭىز، تەشۋىشلەنگىنىڭىزدە، بۇ ئىككى مېڭىڭىزنىڭ «پىكىر ئالماشتۇرۇشى» كۆپ ئاسانغا توختايدۇ.

مەزكۇر ماقالە سىزگە قورقۇنچ ۋە قايغۇغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇلاق سېلىشنى، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشنى ۋە قايتىدىن باھالاشنى ئۆگىتىدۇ.

## ئىككى مېڭىڭىزنىڭ سۆھبەتلىشىشىگە ياردەم قىلىڭ

تەشۋىش بىلەن پاكىت ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ جەدۋىلىنى تۈزۈڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى ستونلۇق، بىر قانچە قۇرلۇق جەدۋەلدىن بىرنى سىزىڭ. سول تەرەپتىكى ستونغا «قايغۇلار، قورقۇنچلار، چۈشكۈن خىياللار» دەپ ئىسىم قويۇڭ. ئوڭ تەرەپتىكى ستونغا «رېئاللىق، پاكىت، مەنتىقە، نۇقتىئىينەزەر» دەپ ئىسىم قويۇڭ.

بۇ ئۇسۇلنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئوي ـ خىياللىرىڭىزنى جەدۋەلگە قوشالىشىڭىز ئۈچۈن، جەدۋەلنى كومپيۇتېردا تۈزۈڭ.

ھېسسىي مېڭىڭىزدىكى تەشۋىشنى بايقاش، شۇنداقلا ئۇلارغا ئىشەنچلىك ۋە ئۆزىڭىزنى قايىل قىلارلىق تەرزدە سوئال قويۇش كۆرۈنگىنىدەك ئاسان ئىش ئەمەس. تۆۋەندىكىلەر بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى ئۈچ تاكتىكىدۇر.

بىرىنچى تاكتىكا: تەشۋىشنى باستۇرۇشتىن ئىلگىرى قۇلاق سېلىش.

ئالدى بىلەن، سول تەرەپتىكى ستوننى تولدۇرۇڭ! بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

ئەگەر سىز دەسلەپتە ئوڭ تەرەپتىكى ستوننى تولدۇرۇپ، قايغۇلىرىڭىزغا «رەددىيە» بېرىشكە ئۇرۇنسىڭىز، ھېسسىي مېڭىڭىز ئۆزىگە «قۇلاق سېلىنمىغان»دەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، سىز دىيالوگنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكىدەك ئايىغى چىقماس تالاش-تارتىشنى باشلىغان بولىسىز.

ھېسسىي مېڭە: بۇ خەتەرلىك!

ئەقلىي مېڭە: ياق، ئۇنداق ئەمەس!

ھېسسىي مېڭە: شۇنداق!

ئەقلىي مېڭە: ئۇنداق ئەمەس!

ھېسسىي مېڭە: قەتئىي خەتەرلىك!

ئەقلىي مېڭە: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!

بۇنداق تالاش ـ تارتىشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.

ئۆز كەچمىشلىرىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ. سىز تەشۋىشلەنگەندە ياكى قورققاندا ۋە كىشىلەر سىزگە: «غەم قىلماڭ، قورقماڭ!» دېگەندە، سىز بۇنداق گەپلەرگە قايىل بولامسىز ياكى ھېسسىياتىڭىزغا ھەقىقىي رەۋىشتە قۇلاق سېلىنمىغاندەك ئويلامسىز؟

ھەتتا، ئىككى مېڭىڭىزدىن بىرى ئەتراپتا تەھدىت يوقلۇقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنە بىر مېڭىڭىز يەنىلا تەھدىت بار دەپ قاراۋېرىدۇ. شۇڭا، ھېسسىي مېڭىڭىزنى قورقۇتقان ياكى قايغۇغا سالغان ھەرقانداق نەرسىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىش.

ئىككىنچى تاكتىكا: تەپسىلاتلارنى بىلىش

تەشۋىشىڭىز سىزگە «مەن دېگەندەك قىلمىساڭ چوقۇم مۇنداق بولىدۇ» دېگەن ئىش زادى نېمە؟ ئەگەر سىز قورقۇنچىڭىز ياكى تەشۋىشىڭىز بويىچە ئىش قىلمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى

قورقۇتقان ئەھۋالنى تەرك ئەتمىسىڭىز ياكى ئۇنىڭدىن ساقلانمىسىڭىز نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ ئەگەر سىز ئۆز ئىنكاسىڭىزغا قارىتا سەگەكلەشمىسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا قارشى زەربىگە ئۆتمىسىڭىز نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ سىز «خەتەردىن ئامان قېلىش» ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

قورقۇنچ ياكى قايغۇ سىزگە تەلقىن قىلغان («مۇنداق قىلمىساڭ، مۇنداق بولىدۇ» دېگەندەك) بارچە «ۋەسۋەسە»لەرنى ئوچۇق قىلىپ يېزىپ چىقىڭ.

## ئۈچىنچى تاكتىكا: مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش

قورقۇشقا لايىق ئىشلار زادى قايسىلار؟ قايسى خىل يوشۇرۇن كۆز قاراشلار ۋەھىمىنى نورمال ئىنكاسقا ئوخشاش تۇيۇلدۇرىدۇ؟ ئۆتمۈشتىكى قايسى پايدىسىز ساۋاقلار نۆۋەتتىكى ئەندىشىگە سەۋەب بولىدۇ؟

ئىپادىلەنمىگەن بۇ پەرەزلەرنى ۋە كۆز قاراشلارنى يېزىپ چىقىڭ. قورقۇنچىڭىز ئۆزىڭىز، باشقىلار، ئەھۋالاتلار ياكى دۇنيا توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى يېزىپ چىقىڭ.

جونسون ئىزچىل ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدىن ۋە ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى، بىر تۆۋەندە ئۇنىڭغا ئالاقىدار دىيالوگ جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىمىز.

ئۇ كاللىسىغا ئەڭ ئاسان كېلىدىغان ئەندىشىلەرنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باللارنى خورلايدىغان، ھاراقكەش دادىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بولۇش جەريانىدا ئالغان ساۋاقلىرى ھەققىدە ئويلاندى ۋە ئىلگىرىكى پەرەزلەرنىڭ ئۆزىدىكى ۋەھىمىنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

بۇ خىل ئومۇمىي كۆز قاراشنىڭ نە قەدەر ئاسانلا كونكرېت ئەندىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ!

جونسوننىڭ دىيالوگ جەدۋىلى

ئۇ «قايغۇلار، قورقۇنچلار، چۈشكۈن خىياللار» دېگەن ستونغا مۇنۇلارنى يازدى:

ماشىنامدا چوقۇم ئېغىر چاتاق بار.

ماشىنىدىن چىققان ھەرقانداق ئاۋاز بىرەر چاتاق بارلىقىدىن ۋە مېنىڭ ۋەقەگە ئۇچرايدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەن تېخنىك خادىمغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ چوقۇم بەزى مەسىلىلەرنى كۆزدىن قاچۇردى.

مەن چوقۇم ھەرۋاقىت بولغۇسى خەتەرگە قارىتا سەگەك تۇرۇشۇم كېرەك.

سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ «ۋەھىمە ۋە پاكىت» تېمىسىدىكى دىيالوگ جەدۋىلىڭىزنى تۈزۈپ چىقىڭ.

## خۇلاسە

قورقۇپ كەتكەن چاغدا مەنتىقىلىق تەپەككۇر قىلىش بەسى مۇشكۇل. سىز چوقۇم ئالدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشىڭىز كېرەك. «ۋەھىمە ۋە پاكىت» تېمىسىدىكى دىيالوگ جەدۋىلىنى تۈزۈش مېڭىنىڭ ئىككى بۆلۈمىنىڭ ئۆزئارا سۆھبەتلىشىشىگە ۋە بىر-بىرىنىڭ خىتابىغا قۇلاق سېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئىشنى «قۇلاق سېلىش»تىن باشلاڭ. تەپسىلاتلارنى يېزىپ چىقىڭ ۋە مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە قاراڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/overcoming-anxiety-and-panic/202309/practical-tips-on-changing-anxious-thoughts



# مەخسۇت مۇھىتى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتۈك سىياسەتچى ئوغلانى مەخسۇت مۇھىتى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مەنچىڭ خاندانلىقى بىلەن خىتاي مىلىتارىستلارنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا جاھان يېڭىلىقلىرىدىن بىخەۋەر قالغان ئۇيغۇر ۋەتىنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەدىدچىلىك ئېقىمى ئېلىپ كەلگەن يېڭى دولقۇننىڭ تەسىرىدە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. تەرەققىيپەرۋەر مۇساباياپلار ئائىلىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا دەسلەپ ئاتۇشتا، ئاندىن كېيىنلا ئىلىدا «ئۇسۇلى جەدىد» مائارىپىنىڭ قۇتلۇق مەشئىلى يېقىلدى. هازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىدا بولسا مۇھىتىلار ئائىلىسىنىڭ ئوت يۈرەك ئوغلانلىرى قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇردى. قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام، تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئىلى - يەتتە سۇدا نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت قاتارلىق بىر يۈرۈش مىللەت سەرخىللىرى ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق ئاۋام خەلقنى ئويغىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كلاسسىك دەۋردىن هازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈشتىكى مۇشەققەتلىك جەريانى باشلاندى. بۇ جەريان قانچىلىغان مىللەتپەرۋەر مائارىپچىلارنىڭ، ئەدىبلەرنىڭ، جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ۋە ئىسيانكار سەرخىللارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە داۋاملاشتى. ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەخسۇت مۇھىتى، مەمتىلى تەۋپىق، قۇتلۇق هاجى شەۋقى قاتارلىق بىر قاتار بالدۇر ئويغانغان تەڭداشسىز سەرخىللارنىڭ هاياتى بۇ شەرەپلىك يولغا تەقدىم قىلىندى.

ئۇيغۇرلاردىكى يېڭىچە مائارىپ ئىنقىلابى چەتئەللەردە يېڭىچە مائارىپتا يەنى جەدىتچە ئۇسۇلدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە رۇسىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان مۇسۇلمان زىيالىيلار ئۇيغۇر بايلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئاچقان. ئۇيغۇرلاردىن ئۇستۇن ئاتۇشتىن چىققان ئاكا - ئۇكا مۇساباياپلار، 1907 - يىلى ئىلىدە، ئۇستۇن ئاتۇشتا مەكتەپ قۇرغان. 1912 - يىلى ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان دىنىي ئالىم ۋە ئىنقىلابچى ئۆلۇما ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە يېڭىچە ئۇسۇلدا مەكتەپ ئاچقان. 1914 - يىلى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ «بىرلىك ۋە گۈللىنىش كومىتېتى»دىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئەھمەت كامال ئۇستۇن ئاتۇشتا پېداگوگىكا مائارىپ مەكتىپىنى قۇرغان. تۇرپاندىكى ئۇيغۇر بايلىرىدىن مەخسۇت مۇھىتى، مۇسۇل مۇھىتى ئاكا - ئۇكىلار رۇسىيىدىن تاتار ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، تۇرپاندا مەكتەپ ئاچقان. يېڭىچە مائارىپ 1910 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بۇ خىلدىكى مەكتەپلەر قۇرۇلغان.

مۇھىتىلار ئائىلىسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا تونۇلغان مەشھۇر ئائىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق قان قېرىنداشلار ياش زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي قاتارلىق ئەشەددىي خىتاي مىلىتارىستلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئاكتىپ رول ئوينىغان ۋە ئۇيغۇر تارىخىدا ئەجايىپ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان شەخسلەر ئىدى.

موسۇل مۇھىتىنىڭ ئىنىسى ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتى ئۆز دەۋرىنىڭ جاھان كۆرگەن، يېتىلگەن، يۇقىرى سىياسىي ئاڭغا ئىگە ئەربابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇمۇلدا باشلانغان خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇرپانغا كېلىشىدە ۋە تۇرپاندىن جەنۇبقا سۈرۈلۈپ پۈتۈن ئۇيغۇر ۋەتىنى مىقياسىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى. ئۇ ھەتتا، قوزغىلاڭ سەركىسى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە مىللىي ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ھاياتىنى ۋە جېنىنى پىدا قىلغان ئىدى. جەدىدچىلىك ھەرىكىتىدىن قوزغالغان بۇ بۈيۈك مىللىي ئويغىنىش دولقۇنى 1930 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ۋەتىنىدە بىر مەيدان مىللىي مۇستەقىللىق يولىدىكى داغدۇغىلىق خەلق ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات، ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي مەخسۇت مۇھىتى مۇھىت ھاجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، 1885 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ غوجامئالدى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق مەزگىللىرىدە ئاستانىدىكى دىنىي مەكتەپ، مەدرىسەلەردە ئوقۇغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىدىن 8 ياش چوڭ بولغان ئاكىسى موسۇل مۇھىتى بىلەن بىللە سودىگەرچىلىك ئىشى بىلەن ئۈرۈمچى، چۆچەكلەرگە ۋە روسىيەنىڭ شەمەي، قازان، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىگىچە بېرىپ، بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەيلى ـ ساياھەت، سىياسەت ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغان.ئۇ بۇ يەرلەردىكى يېڭىلىقلار بىلەن يۇرتىدىكى قالاقلىقنى، چەتئەلدىكى ھۆرلۈك بىلەن ۋەتىنىدىكى ئاسارەتنى ۋە جاھالەتنى سېلىشتۇرۇپ، قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشكەن ۋە خەلقنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىغان.

مەخسۇت مۇھىتى 1910 ـ يىللىرى تۇنجى قېتىم چار روسىيەگە چىققاندا قازان شەھىرىدىكى تاتارلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ناھايىتى چوڭ پەرق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، تاتار زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ ھەقتە پاراڭلاشقان. تاتار زىيالىيلىرى « ئەڭ مۇھىم مەسىلە مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى ئاقارتىش» دەپ تەكلىپ بەرگەن. ئەينى يىللاردا قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغان ئۇيغۇر زېمىنىدا مۇتەئەسسىپ ۋە كونىلىقنى ياقلايدىغان دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي مائارىپىمىزدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇشۇنداق شارائىتتا مەخسۇت مۇھىتى چار روسىيەگە بېرىپ قازانلىق تاتار زىيالىي ھەيدەر سايرانىنى تۇرپانغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتنىڭ ئۇلۇغۋار شىجائىتىدىن تەسىرلەنگەن ھەيدەر ئەپەندى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ تۇرپانغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەخسۇت مۇھىتى 1913 ـ يىلى ئۆز قوروسىنىڭ سەل يۇقىرىسىدىكى ئاكىسى موسۇل باينىڭ ھويلىسىدا تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى ئاچىدۇ. كېيىنچە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان بۇ مەكتەپ شەرقىي ئۇيغۇرىستان تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ بولۇپ قالغان.

مىلادىيە 1913 ـ يىلى مەرىپەتپەرۋەر زىيالى، تەرەققىيپەرۋەر ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان ئاستانىدا «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نامىدىكى تۇنجى پەننى مەكتەپنى ئاچتى. تۇرپان زېمىنىدا ئاتۇش ئىكساقتىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دىن كېيىنلا ئېچىلغان بۇ يېڭىچە مەكتەپ شەرقىي ئۇيغۇر زېمىنى، جۈملىدىن ئىدىقۇت ۋادىسىدىكى تۇنجى مەرىپەت مەشئىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان جەمئىيەتنى ئاقارتىشتا غايەت زور رول ئوينىدى. تۇنجى مەرىپەت مەشئىلى بولغان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» بوران ـ چاپقۇنلۇق 100 يىلنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھازىرقى گۈللەپ ياشنىغان ئېرپان بۆشۈكى ئاستانە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئايلاندى.

مىلادىيە 1885 ـ يىلى كۈزدە ئىدىيەسى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرغان ئۇلۇغ زادىلاردىن مۇسابايېۋنىڭ ئوغۇللىرى ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەيىنباي بىلەن باۋۇدۇنباي ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نى قۇرۇپ، تەڭرىتاغ باغرىدا تۇنجى يېڭى مائارىپ مەشئىلىنى ياقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ قەدىمكى ئانا ماكانلىرىنىڭ، مەرىپەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرپان ئاستانىدا تارىخىمىز مۇھىم روللارنى ئوينىغان مۇھىتى ھاجى ئائىلىسىنىڭ تۇنجى ئوغلى موسۇل باينىڭ قوللىشى بىلەن، 2 ـ ئوغلى مەخسۇت مۇھىتى «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نى قۇرۇپ، ئىدىقۇت دىيارىنى مەرىپەت مەشئىلى ئاتۇشتىن كېيىنلا ئىككىنچى بولۇپ يالقۇنجىغان زېمىنغا ئايلاندۇردى.

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن يەنە بىر قېتىم موسكۋاغا سەپەر قىلغان ۋە مۇھىبۇللا ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىم، ھېسامىددىن ئەپەندى، شاھى شەرەپ، يەھمى ۋە گۈلەندەم ئابىستەيدىن ئىبارەت ئالتە زىيالىينى ئۆز خىراجىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەن. مەخسۇت مۇھىتى ئۇلاردىن مۇھىبۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستەيىنى ئاستانىگە، ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، ھېسامىددىن ئەپەندىنى گۈچۈڭگە، قالغان ئىككى ئوقۇتقۇچىدىن بىرىنى ئۈرۈمچى، يەنە بىرىنى چۆچەككە ئەۋەتىپ ئىككىنچى قېتىملىق «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نى تەشكىل قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى بۇ ئالتە ئوقۇتقۇچىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىن باشقا، ئۇلار شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، مۇقىم مائاش بەلگىلەپ ئايمۇئاي تولۇق تەمىنلەپ تۇرغان.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، نەچچە سىنىپلىق مەكتەپ سېلىش، چەتئەلدىن تەكلىپ قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتى، مەكتەپ خىراجىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىنات ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداش قاتارلىقلار ئۈچۈن زور خىراجەت كېتەتتى. بۇ نۇقتىنى توغرا چۈشەنگەن مەخسۇت مۇھىتى ئۆزىنىڭ پاراسەتلىك، بىلىملىك، رۇس تىلىنى پۇختا بىلىشتەك ئالاھىدىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى ئىزچىل تۈردە كېڭەيتكەن. چۆچەك، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلاردا كونتېر، دۇكانلارنى، مال ساقلاش ئىسكىلاتلىرىنى قۇرۇش بىلەن بىللە، روسىيەنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرى بىلەن بولغان سودىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن مەخسۇت مۇھىتى ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان مەڭگۈ بۇلاق، چىگىببۇلاق، خېنمكارىز، قاراغوجا كارىز، ھاجى كارىز، تۆت سوقما، مۇجاڭ كارىز، ياڭخى قاتارلىق جايلاردىكى كارىزلىرىنى ياخشى باشقۇرغان. شۇڭا، مەخسۇت مۇھىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا «مەخسۇت باي»دەپ ئاتالغان ۋە مۇشۇ بايلىقى بىلەن غايەت زور مەبلەغ كېتىدىغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى ۋە تۇرپان - قۇمۇل مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭىنىڭ زور بىر قىسىم چىقىمىنى ئۆزى يالغۇز ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

1927 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان يېڭىشەھەردە پىچانلىق ئىسكەندەر خوجا قاتارلىقلار بىلەن بىللە «ئاقارتىش بىرلەشمىسى» نامىدا بىر مەرىپەت جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ،3000 سەر كۈمۈش ئىئانە توپلىغان.بۇ پۇل بىلەن يېڭىشەھەردىكى نىياز سەيپۇڭ دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا بىر يېڭى مەكتەپ،كېيىنكى يىلى يەنە يېڭى شەھەر ئاق سارايدا «ھۆرىيەت مەكتىپى»، كونا شەھەر غەربىي قوۋۇقتا بىر مەكتەپ ئاچقان. مەخسۇت مۇھىتى يەنە روسىيەنىڭ قازان شەھىرىدىن دىنىي ۋە پەننىي بىلىمدە توشقان زىيالىي مۇرات ئەپەندىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرغان. مۇرات ئەپەندى 1930 - يىللارغىچە مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان ئاستانە ۋە چۆچەكلەردە ئاچقان مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1931 - يىلى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇنجى قارار «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئابدۇرۇسۇل قەييۇمى، دۇگامەت خۇدىيارلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئاستانىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلغان، بۇ مەكتەپنىڭ تەمىناتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلەم، دەپتەرلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇت مۇھىتى تەمىنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاستانىدە سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەسىرى ۋە «مەخسۇدىيە مەكتىپى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىدىقۇت زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرىدە يېڭىچە مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلىغان.

موسۇل ھاجى مۇھىتىنىڭ قېرىندىشى مەخسۇت مۇھىتى 1931 - يىلى كۈزدە موسكۋادا «پراۋدا» گېزىتىدىن قۇمۇلدا پارتلىغان قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى توغرىسىدىكى خەۋەرنى

كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ۋەتەنگە قايتقان. ئۇ ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئۇدۇل تۇرپانغا كېلىپ يۇنۇسبەگ، تاھىر بەگ، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق 14 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇدا بىر نەچچە ئاي قوراللىق ئىنقىلابقا جىددىي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھازىرقى تۇرپان ئاستانىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. نەتىجىدە، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ئىنقىلابچىلىرى تەنھالىق ۋە چارىسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچى بىراقلا زورايغان. مەخسۇت مۇھىتى قوراللىق ئىنقىلاب باشلىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز، ئۇيغۇر ۋەتىنىنى تايانچ بازا قىلىپ تۇرۇپ، كەڭسۇ ۋە كۆكنۇرنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋېلىش قەستىدە بولۇۋاتقان مىلىتارىست جىن شۇرېن بۇرھان شەھىدىنىڭ ۋاستىسىدە گېرمانىيەدىن كىرگۈزگەن ئىلغار قوراللار ۋە ئەنگلىيەدىن سېتىۋالغان ئېغىر قوراللار ئارقىلىق تۇرپان ئىنقىلابچىلىرىنى قانلىق باستۇرماقچى بولغان.

جىن شۇرېن ئەڭ دەسلەپتە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى جاڭ پېييۈەنىنى «شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش» قوماندانى دەپ ئاتاپ، 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇرپان ـ قۇمۇل ئىنقىلابچىلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرىغان. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنى «ئەزمىلىك قىلدى ۋە ئۇيغۇرلارغا يۇمشاق قوللۇق قىلدى!» دەپ ئەيىپلەپ ھەربىي مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، 1931 ـ يىلى سىبىرىيە ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەن جاللات شېڭ شىسەينى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن.

شېڭ شىسەي 1897 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مانجۇرىيەدىكى كەييۈەندە تۇغۇلغان. ئىلگىرى ياپونىيە توكيو مېيجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسىي ئىقتىساد پەنلىرىنى ئۆگەنگەن. كېيىن مانجۇرىيەلىك گېنېرال گوسۇڭلىڭنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1927 ـ يىلى خىتايغا قايتىپ كەلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي جاڭ كەيشىنىڭ ئاشنىسى بىلەن تانىسا ئويناپ قويغانلىقتىن، يېڭىلا ئېرىشكەن مەنسىپىدىن قوغلىنىپ چىقىش يولى تاپالماي قالغاندا، 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر دوستى ئارقىلىق مىلىتارىست جىن شۇرېنغا ياراپ قېلىپ، شۇ يىلى يىراق شەرق ۋە سىبىرىيە ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەن ھەم ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ باش تاكتىكا مەشقاۋۇلى بولغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئاتالمىش «شەرقىي يۆنىلىش باندىتلارنى تازىلاش قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى» بولۇپ، ئۇرۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلغاچقا، جىن شۇرېن ئالدىدىكى ئابرۇيى تېزلا ئۆسكەن. ياپونىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدە ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغان مانجۇرىيەلىك ئاققۇن خىتاي شېڭشىسەي ھەربىي ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ياپونىيەدە ئۆگەنگەن ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ھەر قەدەمدە بىر ئىستىھكام قۇرۇپ، جاسۇسلۇق تورى ۋە قان ئىچەر ئاق ئورۇس قوشۇنىغا تايىنىپ، تۇرپان ۋە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا چىدىمىغان باركۆل قازاقلىرىمۇ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. نوقۇل ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تىز پۈكتۈرۈشكە كۆزى يەتمىگەن شېڭ شىسەي «سۆھبەت ئۆتكۈزۈش» باھانىسى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى تۇتقۇن قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما، خوجىنىياز ھاجىمۇ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپلا قالماي، يەنە تېخى ئۇنى

كۆشۈتۈنىڭ تاغلىرىغا ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، بۆكتۈرمە قويۇش ئارقىلىق دۈشمەننى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچراتقان. شېڭ شىسەي قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، 1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قاتتىق دەككىسىنى يەپ كۆزگە قان تولغان ئاق ئورۇس قوشۇنى بىلەن قۇمۇلنى تاشلاپ تۇرپانغا قېچىپ كەتكەن.

1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، چار رۇسىيە سابىق ئارمىيەسىدىكى «پادىشاھنى قوغداش پارتىيەسى»، مىلىتارىستلار، ئەركىن دېموكراتلار ۋە مۆتىدىل سوتسىيالىزمچىلار بىرقاتار ھەربىي قورallıق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بولشېۋىكلار رەھبەرلىكىدىكى قىزىل ئارمىيە قوراللىق كۈچلىرى بىلەن قارشىلاشقان بولۇپ، ئاقلار ئارمىيەسى، ئاق گۋاردىيە ئارمىيەسى، ھەتتا ئاق باندىتلار ئارمىيەسى، دەپ ئاتالغان. مەغلۇپ بولۇپ چەت ئەلگە قاچقان ئاقلار ئارمىيەسى ۋە مۇساپىرلىرى «ئاق ئورۇسلار» دەپ ئاتالغان. جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەيلەر ئۇيغۇر خەلقى ئۇستىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنى كۆپىنچە مۇشۇ قان ئىچەر ئاق ئورۇس باندىتلىرىنىڭ قولى بىلەن ئىجرا قىلغانىدى.

خوجىنىياز ھاجىلار شېڭ شىسەينى ئىز قوغلاپ تۇرپان تەۋەسىگە كەلگىنىدە، لۈكچۈن ۋاڭى ئۇنى ھاردۇق ئېلىشقا تەكلىپ قىلغان. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پىلانىدا، خوجىنىياز ھاجى شەھەردە تۇرماي، تاغدا تۇرۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشى زۆرۈر ئىدى. بىراق، خوجىنىياز ھاجى لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، قوشۇننى باشلاپ لۈكچۈنگە كىرگەن. ئەينى چاغدىكى لۈكچۈن شەھىرى غايەت زور بىر سېپىل ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان زامانىدىن بېرى تۇرپاننىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بىراق، سېپىللىق شەھەرنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، دۈشمەن بۇنداق شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىۋالسا، شەھەر خەلقى ئۇزۇن مۇددەت بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ لۈكچۈنگە جايلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان مەخسۇت مۇھىتى دەرھال ئاستانىدىن لۈكچۈنگە كېلىپ خوجىنىياز ھاجىنى دۈشمەن يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى لۈكچۈن سېپىلىدىن تاغقا سالامەت ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان. بىراق، جاللات شېڭ شىسەيمۇ دەل ۋاقتىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ لۈكچۈن سېپىلى ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قۇمۇلدا ئالالمىغان ئۆچىنى لۈكچۈننى قانغا بوياش ئارقىلىق ئالماقچى بولغان. مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈن سېپىل ئىچىگە كىرىپ خوجىنىياز ھاجىنى ئېلىپ چىقىدىغان ئاخشىمى، يەنى 1933 ـ يىلى 7 ـ مارت كەچ، شېڭ شىسەينىمۇ قول ئاستىدىكى ئاق ئورۇس قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، لۈكچۈن سېپىلىنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرى تەرەپتە بۆكتۈرمىدە تۇرغانىدى. تۇنجى قېتىم ئات چاپتۇرۇپ سېپىل سىرتىغا چىققان ئۇيغۇرلار ئوققا تۇتۇلغاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى دەرھال سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقىتىپ، شەھەردىن چىقىش ئۈچۈن تەدبىر تۈزۈشكە باشلىغان. ئۇ تۈن نىسپىگىچە ھەر قايسى دەرۋازىلار تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ئاجىزراق بولغان بىر تەرەپ بىلەن خوجىنىياز ھاجى باشلىق قۇمۇل ئىنقىلابچىلىرىنى ئۇتتۇقلۇق چېكىندۇرۇپ چىقىپ، ئۆزى دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى كۈچلۈك بولغان تەرەپتە دۈشمەنگە ئوت ئېچىپ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئۇتتۇقلۇق چېكىندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۆزى بىر تەرەپتىن ئېتىشقاچ بىر تەرەپتىن چېكىنىپ چىقىۋاتقىنىدا ئېتىغا ئوق تېگىپ يىقىلىپ

چۈشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتا ئاتقا مىنىش پۇرسىتى بولمىغان. شۇ تەرىقىدە پىيادە چېكىنىپ چىقىۋاتقىنىدا دۈشمەنىنىڭ ئوقىدا شېھىت بولغان. خوجىنىياز ھاجى تاغقا چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزغان بولسىمۇ، بىراق، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىغان.

ئەتىسى، يەنى 1933 ـ يىلى 8 ـ مارت سەھەردە لۈكچۈن قەدىمىي شەھىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلىنىپ، ئېگىز ئوردىدىكى بارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەر كۈلگە ئايلانغان. شىڭ شىسەي ئاق ئورۇس قىسمىنى ئىشقا سېلىپ، لۈكچۈندە چوڭ قەتلىئام سادىر قىلغاندىن كېيىن، ساتقۇنلار ئارقىلىق سېپىلنىڭ ئەتراپىدىكى شېھىتلەر ئىچىدىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جەسىتىنى تاپتۇرۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ تۇرپانغا قېچىپ كەتكەن. ئۇ تۇرپانغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ كاللىسىنى تۇرپان سېپىلىغا ئاستۇرۇپ، ئۆزىنى خۇددى غەلىبە قىلغان كىشىدەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. 9 ـ مارتتىن 12 ـ مارتقىچە تۇرپاندىكى بىرقىسىم مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ۋاستىسىدە، مەخسۇت مۇھىتى قۇرۇپ چىققان مەخپىي تەشكىلاتنىڭ قېچىپ كەتمەي تۇرپاندا قېپقالغان بىر قىسىم غوللۇق رەھبەرلىرىنى ۋە ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلغان. جۈملىدىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى، ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە تۆمۈر جىسالارمۇ 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13-كۈنى تۇرپان قازىخانا مەسچىتى ئالدىدا شىڭ شىسەينىڭ قولىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلانغان.

بۇنىڭدىن 90 يىل ئىلگىرىكى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇرپان ئاسمىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان، گەرچە باش باھار پەسلى يېتىپ كېلىپ، توگلار ئېرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاچچىق قۇرۇق سوغۇق ھېچ پەسىلگە ماس كەلمىگەن ھالدا زەھەرلىك يىلاننىڭ شەپقەتسىز نەشتىرى كەبى ناتىۋان بەدەنلەرگە سانچىلاتتى. كېچىچە ھۇۋلىغان بوراننىڭ ھۇشقۇرتۇشلىرى پەسەيمەي تۇرۇپ، تۇرپان يېڭى شەھىرىدىكى قازىخانا مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا قوللىرى چەمبەرچەس باغلانغان 17 ئادەم بۆرە كۆزلۈك، تەلەتى سۆرۈن شىڭ شىسەينىڭ خىتاي ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن يالاپ ئېلىپ كېلىندى. ئەتراپقا خېلى كۆپ ساندا پۇقرالار توپلانغان بولۇپ، خەلق توپىغا ۋە مەھبۇسلارغا پىلىمۇتلار بەتلەندى. مەيدانىنى يىغا ـ زارە، نالە ـ پەريادلار ھەم خىتاي ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ تىللاشلىرى، ۋارقىراشلىرى قاپلىدى ...

ئەنە شۇ پەيتتە مەھبۇسلار ئارىسىدىكى يۈزلىرى يۇمۇلاق، 30 ياشلار چامىسىدىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گەۋدىسىنى تىك تۇتقان ھالدا، ۋالىداپ تۇرغان قىلىچ ۋە مىلتىق نەيزىلىرىگە پىسەنت قىلماي، سەپىنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇيغۇرچە، رۇسچە ھەم خىتايچە تىللار بىلەن پۇقرالارغا، ئاق ئورۇس ھەم خىتاي ئەسكەرلىرىگە خىتاپ قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمدى ئويغىنىپ، ئازادلىق يولىغا ئاتلانغانلىقىنى، بۈگۈن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن چوقۇم ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى،

بولۇپمۇ ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ شىڭ شىسەيگە ياللانما بولۇپ، بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشۈپ بەرگىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئەشۇ شىڭ شىسەي مىلىتارىستىنىڭ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ بەتتەر ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى ئەسكەرتىپ، ئۇلارنى ئويغىنىپ، ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىگە ئۆتۈشكە چاقىردى.

ئابدۇخالىقنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن شىڭ شىسەينىڭ " شا! " دەپ قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ جاللات ئەسكەرلەر ئالدى بىلەن ئابدۇخالىقنى قىلىچ بىلەن چاپتى. ئابدۇخالىقنىڭ " ئازادلىق ئۈچۈن..." دېگەن ئاخىرقى خىتابى تۈگىمەي تۇرۇپ، يەرگە يىقىلدى، جاللاتلار ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋەتتى، ئارقىدىن باشقا مەھبۇسلارمۇ چېپىپ تاشلاندى. مەسچىت ئالدى مەيدان نالە - پەريادلار بىلەن تولدى.

مانا بۇ تۇرپان خەلقىنىڭ ئەبەدىي ئېسىدىن چىقماس پاجىئەلىك 13 - مارت كۈنى بولۇپ، بۇ پاجىئە 90 يىلدىن بۇيان ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئەسلىنىپ بىر كۈنمۇ ئۇنتۇلمىدى ...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، 1932 - يىلى، 12 - ئايدا مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇللا داموللا قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى تۇرپان قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ۋە 1933 - يىلى 3 - ئايدا تۇرپان شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندا، مەھمۇت مۇھىتى ۋە مەخسۇت مۇھىتى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىچى سىرتىدىن ماسلىشىپ، تۇرپاننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندا ئۇشتۇمتۇت دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى تەڭلا ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى شىمال ۋە جەنۇبتىن تۇرپانغا قىستاپ كەلگەن. بۇ چاغدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى توقسۇن ۋە كۈمۈش تەرەپلەردىن كۈچ توپلاپ، بىر تەرەپتىن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى قوزغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتى ۋە خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىغا ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن تەييارلاۋاتقان ئىدى. مۇھىتىلارنىڭ ئاقساقىلى موسۇل ھاجى بۇ چاغدا قۇمۇللۇق يولۋاسنىڭ يول باشلىشىدا كەڭسۇغا سەپەر قىلىپ، شۇ يەردىكى قورالىق مۇسۇلمان تۇڭگانلاردىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇلارنى قۇمۇل ۋە تۇرپانغا تەكلىپ قىلىشقا كېتىپ قالغان ئىدى. شىڭ شىسەي مەخسۇت مۇھىتىنى ھەممىدىن خەتەرلىك كىشى دەپ ھېسابلىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ مەخسۇت مۇھىتىسىز مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. دېمىسىمۇ، خوجىنىياز ھاجى مەخسۇت مۇھىتىغا مەسلىھەت سالماي ياكى ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ، ھېچقانداق ئىشتا ئۆز ئالدىغا قارار چىقارمايتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، خوجىنىياز ھاجى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان كىشى دەل مەخسۇت مۇھىتى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن خوجىنىياز ھاجى لۈكچۈن سېپىلى سىرتىدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ باشسىز تېنىنى ئۇچراتقان ھامان، ئېتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ باشسىز تېنىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ قاتتىق يىغلىنىپچە :«ئەي مەخسۇتۇم، ئېست

مەخسۇتۇم ! سەن كەتكىچە مەن كەتسەم بولماسمىتى؟! ئەمدى بىز بۇ ئىشنى سەنسىز قانداق بىر باشقا ئېلىپ چىقىمىز؟!» دەپ نالە قىلغانىدى.

ئەتىسى، مەھمۇت مۇھىتى تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە، شېڭشىسەي ئالىلبۇرۇن تۇرپاننى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئاكىسىنىڭ سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىلغان قانلىق بېشىنى كۆرگەن مەھمۇت مۇھىتى قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، شېڭ شىسەينى بىر قوغلىغانچە تاكى داۋانچىڭغىچە يېتىپ بارغان. قول ئاستىدىكىلىرى مىڭ تەستە ئۇنى داۋانچىڭدىن تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ، 1933 ـ يىلى 8 ـ مارت تاڭ ئاتار كېچىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتىشكەن سىياسىيون ئوغلانى مەخسۇت مۇھىتى دۈشمەن ئوقىدا شېھىت بولۇپ، 15 ـ مارت كۈنى، تېنى بىلەن بېشى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۇرپان ئاستانىدىكى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى رەھبەرلىرى كەينى ـ كەينىدىن تارىخىي خاتالىقلارنى سادىر قىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ 1933 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن كۈنى ئۆز خاھىشى بىلەنلا شېڭ شىسەي بىلەن ئالدىراپ تۈزگەن «جىمسار كېلىشىمى» 1930 ـ يىللاردىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويغان بولسا، ئۇ قەشقەرگە ھەربىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن تۆمۈر ئېلى پاشانىڭ قەشقەردىكى ماجەنساڭ باندىتلىرى قورالسىزلاندۇرۇش بۇيرۇقىغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، تۇڭگان باندىتلىرىغا يېڭىشەھەردەك مۇھىم ھەربىي بازىنى قوشقوللاپ تاپشۇرۇپ بېرىشى، يالغۇز ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپلا قالماي، تۇرپان ـ قۇمۇلدىكى خانۇەيرانچىلىقنى تارىم ۋادىسىغا سەلدەك يامرىتىش رولىنى ئويناپلا قالماي، يەنە تېخى ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ 1930 ـ يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنى تۇڭگانلارنىڭ قولى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

گەرچە، مۇھىتىلار جەمەتىدىكى ئەڭ قابىل سىياسىيون، دىپلومات ۋە مەرىپەتپەرۋەر يولباشچى ئاقساقال مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى مىللىي ئىنقىلاب قىسمىلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى قوغداپ قېلىش يولىدا قەھرىمانلارچە شېھىت بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ جېنىنى پىدا قىلىشى بىلەن ساقلىنىپ قالغان مىللىي ئىنقىلابىي كۈچ تاكى 1937 ـ يىلى كۈزگىچە پۈتۈن تارىم ۋادىسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ قەھرىمانلىق داستانى يازدى.

مەخسۇت مۇھىتى شېھىت بولۇپ سەككىز يىلدىن كېيىن ئاكىسى موسۇل ھاجى مۇھىتى تۇرپاندىن تولىمۇ يىراقتىكى توكيودا ۋاپات بولدى. يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن، مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ قەھرىمان ئوغلانى گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى ياپونلارنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان بېيجىڭ شەھىرىدىكى قۇمۇل سارىيىدا سىرلىق ھالدا قازا قىلدى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ قەھرىمانلىقلىرى توختاپ قالمىدى. ئالايلۇق، تارىخ چاقى 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە، مەرھۇم موسۇل ھاجىنىڭ 1910 ـ يىلى تۇغۇلغان ئوغلى ئابدۇراخمان مۇھىتى سىڭگىم ئېغىزىدا ئازغىنە ئادەملىرى بىلەنلا قوراللىق ئىنقىلاب باشلاپ، تۇرپان ئاستانە، توقسۇن ۋە كۆمۈش قاتارلىق جايلاردا 11 كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق ئۇرۇش

قىلىش ئارقىلىق، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن سوك شىليەن تۇرپان، ئۈرۈمچى، توقسۇن ۋە قاراشەھەردىكى بارلىق قوراللىق قىسىملىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ يۆرۈپ، مىلىك تەستە تارىمدىكى ئىشغالىيەتچى ھەربىي كۈچى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى باش ئاپپاراتى ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىگەن. ئابدۇراخمان مۇھىتى ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەڭرىتاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۇتۇقلۇق ھالدا ئەخمەتجان قاسىمى ئەمەلىي ئىزگىنلىگەن ئازات جايلارغا سالامەت چېكىنىپ بېرىپ، سوپاخۇندىن كېيىنكى يەنە بىر ھەربىي مۆجىزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ 1920 ـ يىلى ئاستانىدە تۇغۇلغان ئارزۇلۇق ئوغلى ئىبراھىم مۇھىتىمۇ نەۋرە ئاكىسى بىلەن بىللە قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلغان ۋە شۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1933 ـ يىلى 8 ـ مارت كۈنى، ئاتىسى مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈندىكى جەڭدە شېھىت بولغاندىن كېيىن كىچىك ئاتىسى مەھمۇت مۇھىتى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىرگە قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن.

ئىبراھىم مۇھىتى دەسلەپتە قەشقەر يۇمىلاق شەھەرگە جايلاشقان ھەربىي شتابىنىڭ ئىچىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، كېيىن ئوردا ئالدى مەكتەپتە ئوقۇغان. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنى «ئاكامنىڭ تەۋەررۈك ئوغلى» دەپ ناھايىتى ئەتىۋارلاپ تەربىيىلىگەن. ئىبراھىم مۇھىتى 1936 ـ يىلى يازدا ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى سەۋەبىدىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن. ئىبراھىم مۇھىتىنىڭ نەۋرە ئاكىسى ئابدۇراھمان مۇھىتى 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدا گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئىبراھىم مۇھىتىمۇ قولىغا قورال ئېلىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. ئىبراھىم مۇھىتى 1948 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن قۇرۇلغان ئىنقىلابىي تەشكىلات ـ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئابدۇراخمان مۇھىتى 1957 ـ يىلى 3 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئىبراھىم مۇھىتى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، 2013 ـ يىلى 22 ـ نويابىر كۈنى ئۈرۈمچىدە 93 يېشىدا ۋاپات بولغانغا قەدەر ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. بۇ جەرياندا، ئۇ 1957 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلىغىچە ئۇدا 24 يىل تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز قاتتىق زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغان. ئىبراھىم مۇھىتى 90 نەچچە يىللىق ئۆمۈر مۇساپىسىدە بىر قانچە دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، جەڭ مەيدانلىرىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ،ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. ئاپەتلىك يىللاردا گەرچە خورلۇق، ئازاپ ـ ئوقۇبەت تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرماي مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە كۆپ تۆھپە قوشقان. ئىبراھىم مۇھىتى ئاتىسى مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى مۇھىتىلار ئائىلىسىنىڭ ئائىلە شەجەرىسىگە ئائىت كۆپلىگەن قىممەتلىك ماقاللەرنى يېزىپ، تەتقىقاتچىلارنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي دەۋرنىڭ تولۇق سۈرەتلىنىشىگە ھەسسە قوشقان ئۇلۇغ زات. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئوغلى ئىبراھىم مۇھىتى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەخسۇت مۇھىتى ئاتلىق ئوغلى شېھىت بوۋىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى داۋام قىلماقتا.

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر



(2023 -يىلى 10– ئاينىڭ 31 – كۈنىدىن 11 – ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەرلەر

## (2023 ـ يىلى 11 ـ ئاي)

### خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن سودا رايونى قۇرماقچى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 31 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي شۇ كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىلان خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ خىتاي بىلەن ياۋروپانى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»دىن مەنبەلەنگەن ئىكەن.

شەرقىي تۈركىستاننى ئەركىن سودا رايونى قىلىپ ئېچىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى موڭغۇلىيە، خېيلوڭجياڭ، جىلىن ۋە لياۋنىڭ قاتارلىق رايونلاردا چېگرا ھالقىغان سودا ۋە ئۇل مۇئەسسەسە ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەن.

پىلاندا شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ئەمەلدارلارغا قوشنا دۆلەتلەردىن مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ھەمدە «ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى»نىڭ مەسئۇللىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن سودا سىناق رايونى قۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىكەن.

خىتاي ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئەركىن سودا رايونىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كۆپ دۆلەتنىڭ دوللارنىڭ ئورنىغا خىتاي پۇلى ئىشلىتىشكە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

### ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئالاھىدە كومىتېتى ھۆكۈمەتتىن خىتاينىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلىرىنى سېتىۋېلىشنى چەكلەشنى تەلەپ قىلماقچى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 1 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى «ئامېرىكا بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت ئالاھىدە كومىتېتى»نىڭ

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان رەئىسى مايك گالاگېر ۋە پېشقەدەم دېموكراتلاردىن راجا كرىشنامورسى نۆۋەتتە «ئامېرىكانىڭ بىخەتەر ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان قانۇنى»نى تونۇشتۇرماقچى ئىكەن.

گالاگېر مۇنداق دېدى: «بۇ قانۇن لايىھەسى ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكالىق باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ دوللىرىنى ئىشلىتىپ بۇ ئۇسكۇنىلەرنى خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەردىن سېتىۋېلىشىنى چەكلەيدۇ. پارلامېنتنىڭ ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاپ، ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى ۋە بىخەتەر تەمىنلەش زەنجىرىنى قوغدىشى زۆرۈر.»

بۇ قانۇن لايىھەسىدە يەنە يەرلىك ۋە شتاتلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، خىتاينىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانىنى سېتىۋېلىشى چەكلىنىدىكەن. شۇنداقلا، خىتايدىن سېتىۋېلىنغان سودا خاراكتېرلىك، تەييار ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلارنىڭ سانى ھەققىدە دوكلات سۇنۇش تەلەپ قىلىنىدىكەن.

كرىشنامورسى بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: بۇ قانۇن لايىھەسى «ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ چەتئەلدە ياسالغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان تېخنىكىسىغا تايىنىشىدىن كېلىپ چىققان ھەر قانداق يوچۇقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئامېرىكانىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىدۇ.»

بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى 31-ئۆكتەبىر جۇمھۇرىيەتچى كېڭەش پالاتا ئەزاسى مارشا بىلەكبېرن ۋە دېموكراتچى مارك ۋارنېر بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويغان فېدېراتسىيە ئاۋىياتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىتاي، رۇسىيە، ئىران، شىمالىي كورېيە، ۋېنېزۇئېلا ياكى كۇبا ئىشلەپچىقارغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانىنى فېدېراتسىيە مەبلىغى بىلەن تەمىنلىشىنى چەكلەيدىغان تۈزىتىش لايىھەسىنى بىردەك ماقۇللىغان.

بىلەكبېرن بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ دوللىرى دۆلىتىمىزگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلارنى ھەرگىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلىمەسلىكى كېرەك.»

### ياپونىيە بىلەن فىلىپپىننىڭ رەھبەرلىرى خىتايغا قارشى ھەمكارلىششنى قارار قىلدى

«pbs» تورىنىڭ 3-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ياپونىيە ۋە فىلىپپىن رەھبەرلىرى شۇ كۈنى ھەربىي قىسىملىرىنىڭ ئورتاق ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر-بىرىنىڭ زېمىنىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىدىغان مۇھىم مۇداپىئە كېلىشىمى تۈزۈش توغرىسىدا سۆھبەت باشلاشتا ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلغان. بۇ قارار مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ خىتاينىڭ بۇ رايوندا بارغانسېرى خورىكى ئۆسۈپ كەتكەنلىكىگە قارىتا، ئىتتىپاقداشلىقنى كۈچەيتىش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن.

مانىلادا ئىككى كۈنلۈك زىيارەتتە بولۇۋاتقان ياپونىيە باش مىنىستىرى فۇمىيو كىشىدا يەنە فىلىپپىن پرېزىدېنتى فېردىناند ماركوس بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، فىلىپپىنغا دېڭىز بويىنى نازارەت قىلىش رادارى بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، فىلىپپىن ياپونىيەنىڭ يېڭىدىن يولغا قويۇلغان، رايوندىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا ياردەم بېرىش پىلانىنىڭ تۇنجى مەنپەئەتلەنگۈچىسى ئىكەن.

كىشىدا يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: ياپونىيە فىلىپپىننىڭ دېڭىز-ئوكيانلاردا قانۇن ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ چارلاش پاراخوتى، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ۋە رادار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ياپونىيە يېقىنقى يىللاردا، فىلىپپىننى ئوندىن ئارتۇق چارلاش پاراخوتى بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، ھازىر بۇ پاراخوتلار ئاساسلىقى فىلىپپىننىڭ تالاش-تارتىشتىكى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تېررىتورىيە مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە ئىكەن.

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، خىتاي پاراخوتلىرى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تالاش-تارتىشتىكى ئىككىنچى توماس ساھىلىنىڭ يېنىدا فىلىپپىننىڭ بىر دانە دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت پاراخوتى ۋە بىر دانە تەمىنلەش پاراخوتىنى توسۇپ زەربە بەرگەن. ياپونىيە دەرھال ئۆزىنىڭ فىلىپپىننى كۈچلۈك قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئامېرىكا ئەگەر فىلىپپىن ئەسكەرلىرى تالاش-تارتىشتىكى دېڭىز رايونىدا قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، ئۆزىنىڭ شەرتنامىلىك ئىتتىپاقدىشىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەكرار ئاگاھلاندۇرغان.

كىشىدا 3-نويابىر كەچتە ماركوس بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن، تېلېۋىزوردا تارقىتىلغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «بىز شەرقىي خىتاي دېڭىزى ۋە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ۋەزىيەتتىن قاتتىق تەشۋىشلەنمەكتىمىز، مەۋجۇت ھالەتنى قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.»

ماركوس مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: تۆۋەنلىگۈسى مۇداپىئە كېلىشىمى «ئۆزئارا زىيارەت كېلىشىمى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ «بىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي خادىملىرىمىزغا، شۇنداقلا رايونىمىزنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىقتۇر.»

## شى جىنپىڭ ياۋروپا بىلەن بولغۇسى سودا ئۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن گېرمانىيەدىن ياردەم تىلىدى

«politico» تورىنىڭ 3-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، شى جىنپىڭ شۇ كۈنى گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئولاف شولز بىلەن تور ئارقىلىق پاراڭلىشىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك

ئىستراتېگىيەسىگە ئوچۇق-ئاشكارا ھۇجۇم قىلغان ۋە گېرمانىيەنى خىتاينىڭ مەبلىغىگە ئېچىلىشقا چاقىرغان.

خىتاي دۆلەت تاراتقۇسى شىنخۇا ئاگېنتلىقىغا كۆرە، شى جىنپىڭ مۇنداق دېگەن: «مەن گېرمانىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بازار ئادىللىقى پرىنسىپىغا رىئايە قىلىشىغا، شۇنداقلا ئادىل بازار رىقابىتى ۋە ئادىل سودىنى قوغداش، سانائەت زەنجىرى ۋە قىممەت زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشىغا تۆرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

يېقىندا ياۋروپا كومىتېتى خىتايدا ئىشلەنگەن توكلۇق ماشىنىلارغا دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلگەن تولۇقلىما پۇلغا قارىتا تەكشۈرۈشنى باشلىغانىدى. گەرچە شى جىنپىڭ بۇ تەكشۈرۈشنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەت سەۋەبلىك، خىتاينىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن «سودا ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش»نى تەلەپ قىلغان.

شى جىنپىڭنىڭ يىل ئاخىرىدا ياۋروپا كومىتېتى ۋە ياۋروپا كېڭەشىنىڭ رەئىسلىرى ئۇرسۇلا ۋون دېر لېيىن ۋە چارلېز مىشېل بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى بازار كومىسسارى سىيېرى برېتون كېلەر ھەپتە بېيجىڭنى ۋە خوڭكوڭنى زىيارەت قىلماقچى.

شى جىنپىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قاراتقان تۇتۇم جەھەتتە ئامېرىكانىڭ ئىزىدىن مېڭىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. شى جىنپىڭ يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: خىتاي-ياۋروپا مۇناسىۋىتى دۇنيا تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئاچقۇچتۇر. خىتاي ياۋروپانى ئۇنىۋېرسال ئىستراتېگىيەلىك شېرىك ۋە كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيادىكى مۇھىم قۇتۇپ دەپ قارايدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ بۇ يەردە «كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا»نى تىلغا ئېلىشى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىگە قارىتىلغان ھۇجۇم، دەپ قارالماقتا.

گېرمانىيە باش مىنىستىر ئىشخانىسىنىڭ قىسقا باياناتىدا شولز بىلەن شى جىنپىڭنىڭ «ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرغانلىقى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، شولز «گېرمانىيە-خىتاي مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» ۋە «خىتايدا سودا قىلىدىغان گېرمانىيە شىركەتلىرى ئۈچۈن ئەڭ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش»كە قىزىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن، ئەمما ئۇنىڭ خىتاي-ياۋروپا مۇناسىۋىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى تىلغا ئېلىنمىغان.

## ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرى خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش ئىستىكىنى ئىزھار قىلدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 5-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتايىنى زىيارەت قىلغان ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرى ئانتونىي ئالبانىس شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ... تەرەپلىك مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىش «ھەممىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن» دېگەن بولۇپ، بۇ ئاۋستىرالىيە رەھبەرلىرىنىڭ يېقىنقى يەتتە يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم خىتاينى زىيارەت قىلىشى ئىكەن.

ئانتونىي ئالبانىس خىتاي باش مىنىستىرى لى چياڭ تەرىپىدىن ئېچىلغان، شاڭخەيدە يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان «خىتاي خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى»دە قىسقىچە نۇتۇق سۆزلەپ، ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتاي بىلەن ئىجابىي ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئالبانىس 2016-يىلدىن بۇيان تۇنجى بولۇپ خىتاينى زىيارەت قىلغان ئاۋستىرالىيە رەھبىرى بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىملىق زىيارەت ئارقىلىق خىتاي تېلېگراف شىركىتى خۇاۋېي، جاسۇسلۇق ۋە COVID-19 قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار سەۋەبىدىن كۆپ يىللاردىن بۇيان ناچارلىشىپ كەتكەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ئالبانىس سۆزىدىن كېيىن ئاۋستىرالىيە سودا مىنىستىرى دون فارېل بىلەن بىللە تاراتقۇلارغا خىتاب قىلىپ، لى چياڭنىڭ كۆرگەزمىدە قىلغان سۆزىنى «ئىنتايىن ئىجابىي» دەپ ئالقىشلىغان.

فارېل 4-نويابىر خىتاي ماقامدىشى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئاۋستىرالىيە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ۋە قىزىل گۆش مەھسۇلاتلىرىغا قارىتىلغان توسالغۇلارنىڭ «ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە» يوقىتىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

### بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ سان فرانسىسكودا كۆرۈشمەكچى

«abcnews» تورىنىڭ 10-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ 15-نويابىر سان فرانسىسكودا كۆرۈشۈپ، جىددىيلىك ئىچىدىكى ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن سودا، تەيۋەن قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەتلىشىدىكەن.

ئاقساراي بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيان، ئېنىق ھالدا بايدىن بىلەن شى جىنپىڭنىڭ سان فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق باشلىقلار يىغىنى» جەريانىدا ئۇچرىشىشنى مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇچرىشىشنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدىكى سۆھبەتلەر تاكى 11-نويابىرغىچە داۋاملاشقاچقا، ئىككى رەھبەرنىڭ كۆرۈشىدىغان-كۆرۈشمەيدىغانلىقى ئېنىق بېكىتىلمىگەنىدى.

ئاقسارايىنىڭ ئاخبارات كاتىپى كارىن جىن پىيىر ئۆز باياناتىدا مۇنداق دېگەن: رەھبەرلەر «ئوچۇق ئالاقە لىنىيەسىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ھەرۋاقىت مۇھىملىقى» ۋە ئۆزلىرىنىڭ «رىقابەتنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باشقۇرۇپ، مەنپەئەتلىرى ئورتاق بولغان مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ خەلقئارا جەمئىيەتكە تەسىر

كۆرستىدىغان دۆلەت ھالقىغان خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ھەمكارلىشىش» ئىمكانىيەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ.

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 10-نويابىردىكى باياناتىدا، شى جىنپىڭنىڭ بايدىننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 14-نويابىردىن 17-نويابىرغىچە «ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق باشلىقلار يىغىنى»غا قاتنىشىدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا يەنە خىتاي-ئامېرىكا باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە باشقا تەپسىلات بىلەن تەمىنلىمىگەن.

## خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇق فوندى شىمالىي ئامېرىكا رايونىغا يېڭىدىن مەسئۇل تەيىنلىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 10-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «خىتاي مەبلەغچىلىك شىركىتى» (CIC) نيۇيوركتىكى ئىشخانىسىغا يېڭى شىمالىي ئامېرىكا مەسئۇلىنى تەيىنلىگەن بولۇپ، بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىككى كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئورۇن شۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر ئاي بوش تۇرغان. گەرچە خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىتاي ئىگىلىك ھوقۇق فوندىنىڭ (sovereign fund) بۇ يەردىكى پائالىيەتلىرىنى نورمال رەۋىشتە داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىكەن.

1 تىرىليون 350 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى بۇ فوندىنىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سىرتىدىكى خوڭكوڭدىكىدىن باشقا بىردىنبىر باشقارمىسى نيۇيوركتا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ باشقارما مەزكۇر فوندنىڭ ئامېرىكادىكى مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن 2015-يىلى قۇرۇلغان.

## ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە مەسئۇلىيىتىدىن قاچماقتا

«nationalreview» تورىنىڭ 10-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ ھەپتە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى «خىتاي ئىجرائىيە كومىتېتى»نىڭ ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىرى پرېزىدېنت بايدىنغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ئالدىمىزدىكى ھەپتە خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، بىر قىسىم سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ قىسمىتى ھەققىدە گەپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە بايدىنغا شى جىنپىڭغا تاپشۇرىدىغان ئىسىم تىزىملىكىنىمۇ ئەۋەتكەن.

گەرچە بايدىننىڭ بۇ تىزىملىككە زادى قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ يېقىنقى قىلمىشلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن بەك ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىكەن. مەسىلەن، كالىفورنىيە شتاتىنىڭ ۋالىيسى گېۋىن نېۋسومنىڭ يېقىندا خىتايغا قىلغان زىيارىتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەيدانىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىكەن.

ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرىدا كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە بىر قاتار «دوستانە» ئۇچرىششلار ئۆچۈن خىتايغا بارغان نىۋسوم تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خىتاينى زىيارەت قىلغان تۇنجى ئامېرىكا ۋالىيسى ئىكەن. نىۋسوم يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئىشخانىسى نىۋسومنىڭ خىتايدا ئۆتكۈزۈلگۈسى ھېچقانداق پائالىيەتتە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ئۇنىڭ بۇ تۇتۇمىنى قورقۇنچاقلىق دەپ تەنقىد قىلغان.

ھالبۇكى، خىتاي زىيارىتىدە شى جىنپىڭ ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەن نىۋسومنىڭ ئىشخانىسى سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سەپەر خۇلاسىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ۋالىي ۋە ئۇنىڭ خىتاي مەنسەپداشلىرى خوڭكوڭ، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ۋە تەيۋەن مەسىلىلىرى، شۇنداقلا 2006-يىلدىن باشلاپ خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان كالىفورنىيەلىك پوپ دېيۋىد لام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشتى.»

نىۋسوم ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىنى شى جىنپىڭغا بىۋاسىتە ئېيتمىغانلىقىنى دەلىللەپ مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: مەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن بىر سائەت بىللە بولدۇم. ئاندىن شى جىنپىڭ بىلەن ئۇچرىششىم ئەسلىدە يىگىرمە مىنۇت دەپ پىلانلانغانىدى، ئەمما كېيىن 45 مىنۇتقا ئۇزارتىلدى. مەن بۇ يىگىرمە مىنۇتلۇق پۇرسەتنى نېمىشقا بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى تەكىتلەش بىلەن ئىسراپ قىلىۋېتىشنى خالىمىدىم. مەن ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ئەمەس، دۆلەت سېكرېتارىمۇ ئەمەس، بەلكى تۆۋەن كاربونلۇق يېشىل ئىشلەشتە ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋالىيلاردىن بىرىمەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نىۋسومنىڭ بۇ تۇتۇمىغا ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمىگەن بولۇپ، بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭمۇ نىۋسوم بىلەن ئوخشاش مەۋقەدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

### ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى خىتاينى رۇسىيە مەسىلىسىدە ئاگاھلاندۇردى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 11-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى جانېت يېلېن يېلېن سان فرانسىسكودا خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى خې لىفېڭ بىلەن ئىككى كۈنلۈك ئۇچرىششتىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرىنى رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن خىتاي شىركەتلىرىگە زەربە بېرىشكە چاقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا «ساغلام ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت» ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

يېلېن يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئۈزۈشنىڭ كويىدا ئەمەس، چۈنكى بۇ ئامېرىكاغىمۇ، خىتايغىمۇ زىيان سالىدۇ ۋە دۇنيانى مۇقىمسىزلاشتۇرىدۇ. ئەمما، بايدىن ھۆكۈمىتى رۇسىيەنى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان خىتاي شىركەتلىرىگە قارىتا ئۆز

ئالدىغا تەدبىر قوللىنىشتىن يانمايدۇ. ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى خىتاي شىركەتلىرى ۋە بانكىلىرىنىڭ ئۇسكۇنىلەرنىڭ رۇسىيەگە ئېقىشىنى «ئاسانلاشتۇرۇۋاتقانلىقى»غا دائىر ئىسپاتلارنى بايقىدى. شۇڭا بۇ شىركەت ۋە بانكىلار «ئېغىر ئاقىۋەت»كە دۇچ كېلىدۇ.

بۇ يىغىن بايدىن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ئۇچرىشىشىنىڭ ئالدىدا ئېلىپ بېرىلغان.

## ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتى ياخشىلانماقتا

«axios» تورىنىڭ 11 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، AidData نىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېڭى دوكلاتىغا قارىغاندا، خىتاي ھازىر «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» دائىرىسىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە 1 تىرىليون 300 مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان بولۇپ، بۇ مەبلەغلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئامېرىكا دوللىرى ئىشلىتىلگەن.

شۇنداقلا، مۇشۇ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە «خوڭكوڭ پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش ئىدارىسى»نىڭ ساھىبخانلىقىدا خوڭكوڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «يەرشارى پۇل مۇئامىلە رەھبەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش يىغىنى»غا سىتى، مورگان ستەنلېي، ئاپوللو، گولدمان ساكىس، ستېيدال، فىدېلىتىي قاتارلىق ئامېرىكادىكى ئەڭ كۈچلۈك بەزى شىركەتلەرنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرى تەكلىپ قىلىنغان.

بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى ھەربىي ئالاقىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەر ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بايدىننىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالغان بۇ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ كويىدا ئىكەن.

بلۇمبېرگ ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، شى جىنپىڭنى سان فرانسىسكودا نۇرغۇنلىغان ئامېرىكالىق شىركەت خوجايىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى پىلانلىشىمۇ ئۇنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئىستىكىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن.

## بايدىننىڭ شى جىنپىڭ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقى ئۇيغۇرلارنى ساتقانلىق دەپ قارالدى

«dailymail» تورىنىڭ 15 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بايدىن سان فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇنبىرى» (APEC) جەريانىدا شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە خىتايغا قارىتىلغان جازا تەدبىرلىرى ۋە خىتايدا ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئامېرىكاغا توشۇلۇۋاتقان فېنتانىل توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن، شۇنداقلا شى جىنپىڭ فېنتانىلنىڭ ئامېرىكاغا ئېقىشىنى تىزگىنلەش جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشقا قوشۇلۇش بەدىلىگە، جوۋ بايدىن بىر قىسىم خىتاي ئاپپاراتلىرىغا قارىتىلغان جازا تەدبىرلىرىنى بىكار قىلىشقا ۋەدە بەرگەن.

«ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ تەشۋىقات دىرېكتورى لۇيىسا گرېۋ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بايدىننىڭ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى ئۇيغۇرلارنى تېخمۇ قاتتىق زەربىگە ئۇچرىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكاغا ھېچقانداق نەپ ئەكەلمەيدۇ. ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا قارشى كۈرەشتە خىتايغا يول قويۇپ، ئۆز غايىسى ۋە پائالىيەتلىرىنى مەنپەئەت بەدىلىگە ساتسا ۋە بۇنىڭ ئورنىغا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىسە، بۇ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز نومۇستۇر.»

ئىگىلىنىشچە، بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ ئارىسىدا ھاسىل قىلىنغان كېلىشىم ئامېرىكانىڭ خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى قانۇن دوختۇرلۇقى تەتقىقاتخانىسىغا قاراتقان جازاسىنى بىكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ ئورگان 2020-يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك باشقا مىللەتلەرنى خورلىغانلىقى ئۈچۈن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. بۈگۈن بۇ ئورگاننىڭ جىنايىتى ئۆز پېتى داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاتالمىش مەنپەئەت بەدىلىگە قارا تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىلگەن.

## ئۇيغۇر شائىرنىڭ كىتابى ئامېرىكادا دىققەتكە سازاۋەر بولدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 17-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۇيغۇر شائىر، پائالىيەتچى تاھىر ھامۇت ئىزگىل بۇ يىل 1-ئاۋغۇست ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىۋاستە كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يازغان «كېچىدە قولغا ئېلىنىشنى كۈتۈش: ئۇيغۇر شائىرنىڭ خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغانىدى.

بۇ كىتاب يېقىندا ئامېرىكادىكى ئىككى داڭلىق مەتبۇئاتنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن بولۇپ، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» بۇ كىتابنى «دىققەتكە سازاۋەر ئەللىك پارچە رېئالىستىك ئەسەر»نىڭ بىرى دەپ باھالىغان؛ «دەۋر» ژۇرنىلى بولسا، بۇ كىتابنى «2023-يىلىدىكى چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك 100 كىتاب» تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن.

ئىگىلىنىشىچە، تاھىر ھامۇت ئەپەندى ئۆزىنىڭ 1990-يىللاردىكى تۈرمە كەچمىشى ھەققىدە يەنە بىر پارچە كىتاب يېزىشقا تەييارلانماقتا ئىكەن.

## بايدىن كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبلىك قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن خىتاي ئاپپاراتىنى قارا تىزىملىكتىن چىقاردى

«straitstimes» تورىنىڭ 17-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بايدىن ھۆكۈمىتى 16-نويابىر خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى قانۇن دوختۇرلۇقى تەتقىقاتخانىسىنى سودا جازا تىزىملىكىدىن

چىقىرىۋەتكەن بولۇپ، بايدىن بۇ ئارقىلىق خىتاينى فېنتانىلنىڭ ئامېرىكاغا ئېقىشىنى توسۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە قايىل قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

ئامېرىكا «ئۇيغۇر ۋە يەرلىك باشقا مىللەتلەرنى دەپسەندە قىلغان» دېگەن سەۋەب بىلەن، 2020-يىلى بۇ ئورۇننى قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەن.

2022-يىلى، خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى چىن گاڭ ئامېرىكانىڭ خىتاينى فېنتانىلنى تىزگىنلەش جەھەتتە ھەمكارلاشمىدى دەپ ئەيىبلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېنتانىلنى تىزگىنلەشتە مۇھىم بولغان خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى قانۇن دوختۇرلۇقى تەتقىقاتخانىسىغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىدىن «قاتتىق ھەيران بولغان»لىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

ئۇچرىشىشنىڭ بىر قىسمى سۆيپتىدە، بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ فېنتانىلغا قارشى تۇرۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇش جەھەتتە ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلغان. ھالبۇكى، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى كېڭىشى خىتاينىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇشتىن باشقا، فېنتانىلنىڭ ئامېرىكاغا ئېقىپ كىرىشىنى توختىتىش ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمىگەن.

### قازاقىستان پرېزىدېنتى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدى

«ئاستانە ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 19-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، قازاقىستان پرېزىدېنتى توقايېۋ ۋە خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ باش سېكرېتارى ما شىڭرۈي 18-نويابىر ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكەن ھەمدە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى تەكىتلەشكەن.

توقايېۋ ئۇچرىشىش جەريانىدا قازاقىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ سودا، سانائەت، قاتناش، ئەشيا ئوبوروتى، دېھقانچىلىق، ساياھەت ۋە باشقا ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقان ۋە: «قازاقىستان (شەرقىي تۈركىستانغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان) مېتاللورگىيە، نېفىت خىمىيە سانائىتى، يېمەكلىك ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق ھەر خىل مەھسۇلاتلارنىڭ تەمىناتىنى ئاشۇرۇشقا تەييار. شۇنداقلا، قازاقىستان خىتاي بازىرىنى مۇقىم رەۋىشتە مۇھىتقا زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان شېرىككە ئايلىنالايدۇ» دېگەن. توقايېۋ قازاقىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆت چېگرا رايونى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغان.

ئىگىلىنىشىچە، قازاقىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ قىرىق پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى شەرقىي تۈركىستان ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇ يىل ئالتە ئاي ئىچىدە، قازاقىستان

بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا مىقدارى 87 پىرسەنت ئېشىپ، سەككىز مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتكەن.

توقايېف يەنە قازاقىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچىنچى تۆمۈر يول چېگرا ئېغىزى قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، بۇ تۈرنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە يولغا قويۇلۇشىغا بولغان ئۈمىدىنى بىلدۈرگەن.

توقايېف يەنە قازاقىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي، كۇلتۇرەل ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش توغرىسىدىمۇ توختالغان.

ما شىڭرۇي بولسا توقايېف بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەتتە ھاسىل قىلىنغان كېلىشىملەرنى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول باشلىقلار مۇنبىرى»دە ئېلان قىلىنغان تەشەببۇسلارنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

## غەرب ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىتىلغان تاۋار ئېكسپورتى چەكلىمىلىرى ئاساسەن كارغا كەلمىدى

«NikkeiAsia» تورىنىڭ 20-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، يەرلىك ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلاردا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى تاشقى سودا مىقدارى 2023-يىلىنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن قىرىق پىرسەنت ئېشىپ، 409 مىليارد 200 مىليون دوللارلىق رېكورت ياراتقان بولۇپ، بۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىتىلغان تاۋار ئېكسپورتى چەكلىمىسىنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە كۈچلۈك سوئال پەيدا قىلغان.

غەرب ئەللىرى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا بىر قاتار جازا تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، بۇ يىل 1-ئايدىن 10-ئايغىچە بولغان تاۋار ئېكسپورت مىقدارى 2022-يىلىدىكى ئومۇمىي تاۋار ئېكسپورت مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ 20-يانۋار ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، پەقەت بۇ يىل ئۆكتەبىردىلا چەتئەلدىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن ۋە چىققان ئومۇمىي تاۋار قىممىتى 48 مىليارد دوللار بولغان.

## ئەرەب ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ دىپلوماتلىرى بېيجىڭغا يىغىلدى

«دەۋر» تورىنىڭ 20 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەرەب ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شۇ كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ، خىتاينىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان ۋە بۇلار بىرلىكتە غەززەدە ئۇرۇش توختىتىشقا چاقىرىق قىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، ئىئوردانىيە، پەلەستىن، ھىندونېزىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى، شۇنداقلا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئىسرائىلىيەنىڭ غەززەدىكى بومباردىمانىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پايتەختىنى زىيارەت قىلىشقا باشلىغان.

## ياپونىيە، كورېيە ۋە خىتاي ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنماقتا

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 21 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئىككى ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ شۇ كۈنى رويتېرس ئاگېنتلىقىغا بىلدۈرۈشىچە، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاساسلىق بانكىلىرى بۇ ھەپتە پۇل بازىرىدا پائال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، خىتاي پۇلى سېتىۋالغان.

گاھىدا خىتاينىڭ پۇل باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋاكالەتەن ھەرىكەت قىلىدىغان بۇ چوڭ بانكىلار بۇلتۇرمۇ خىتاي پۇلىنىڭ كۇرسىنىڭ چۈشۈشىنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن، پات ـ پات دوللار ساتقانىدى.

بۇ ھەقتە تاراتقۇلارغا گەپ قىلىش ھوقۇقى بولمىغانلىقتىن ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇچۇر مەنبەلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ ھەپتە خىتاي پۇلىنىڭ كۇرسى ئۆرلىگەن تۇرۇقلۇق، خىتاي بانكىلىرىنىڭ داۋاملىق خىتاي پۇلىنى سېتىۋېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئىكەن.

خىتاي پۇلىنىڭ كۇرسى ئۆتكەن بىر ھەپتە ئىچىدە دوللارغا قارىتا ئىككى پىرسەنت ئۆسۈپ، 7.13 ئەتراپىغا يەتكەن بولۇپ، بۇ تۆت ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ئىكەن.

## ئامېرىكا بىلەن خىتاي پەلەستىن مەسىلىسىدە ئۆزئەگە سوقۇشتۇرماقتا

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 22 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي يېقىندىن بۇيان ئىسرائىلىيە ـ خاماس توقۇنۇشى توغرىسىدا دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق شاپاشلاپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئوتتۇرا شەرقتە ئامېرىكاغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىك «تىنچلىق بەرپا قىلغۇچى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بولسا خىتاينىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىنى چەتكە قېقىپ، ئىككىلەمچىلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان.

بۇ ھەقتە، ئامېرىكا دۆلەتلىك بىخەتەرلىك كېڭەشىنىڭ باياناتچىسى جون كىربى شۇ كۈنى «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «بىز (رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان) مۇناسىۋىتىمىزدىن مەمنۇن، بىز ئامېرىكانىڭ رايوندىكى رەھبەرلىك ئورنىدىن مەمنۇن، بىز پۈتۈن رايوندىكى شېرىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەممىمىزگە پايدىلىق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىقتىدارىمىز بارلىقىدىن مەمنۇنمىز.»

خىتاينىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى غەززەدە «تىنچلىقنى ساقلاش» ئۈچۈن شاپاشلاپ، 20-نويابىر ئەرەب ۋە مۇسۇلمان ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشۈپ، دەرھال ئۇرۇش توختىتىش ۋە غەززەگە تېخىمۇ كۆپ ئىنساني ياردىمى بېرىش ھەققىدە چاقىرىق قىلغان.

11-نويابىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىياد شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەرەب-ئىسلام بىرلەشمە يىغىنىدا تەسىس قىلىنغان «تىنچلىق كومىتېتى» بېيجىڭ، لوندون ۋە موسكۋادا ئارقا-ئارقىدىن يىغىن ئاچقان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن پارىژ بىلەن ۋاشىڭتوندىمۇ يىغىن ئېچىشنى پىلانلىغان.

بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىئوردانىيە، مىسىر، قاتار، تۈركىيە، ھىندونېزىيە، نىگېرىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مىنىستىرلىرى ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پايتەختلىرىگە قىلغان سەپىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىقى بولغان.

ۋاڭ يى چەتئەل ئەمەلدارلىرىغا ئۇلارنىڭ ئۆز زىيارىتىنى بېيجىڭدىن باشلاش قارارىنىڭ خىتايغا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەرەب ئەمەلدارلىرى يىغىندا ۋاشىڭتوننىڭ تۇتۇمىنى ئەيىبلەپ، خىتاينىڭ مەيدانىنى ماختىغان.

مىسىر دىپلوماتىيە مىنىستىرى سامىخ شۇكرى ئۆزىنىڭ X (ئىلگىرىكى تۋىتېر) يازمىسىدا ۋاڭ يىغا خىتابەن مۇنداق دېگەن: «بىز خىتاي قاتارلىق ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ غەززە رايونىدا پەلەستىنلىكلەرگە قارىتىلغان ھۇجۇمنى توختىتىشتا تېخىمۇ كۈچلۈك رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بەختكە قارشى، بەزى چوڭ دۆلەتلەر ئىسرائىلىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ھۇجۇملىرىنى قوللىماقتا.»

## «پاكىستان تالىبان ھەرىكىتى» خىتاينىڭ پاكىستاندىكى پروجېكتلىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالدى

«تېلېگراف» تورىنىڭ 25-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «پاكىستان تالىبان ھەرىكىتى» پاكىستان ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىگە بەش پىرسەنت قۇرۇلۇش بېجى تاپشۇرمىغان تەقدىردە، خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» پروجېكتلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سالغان.

«پاكىستان تالىبان ھەرىكىتى» گەنداپۇر شۆبىسىنىڭ قوماندانى ۋىدىيولۇق ئۇچۇردا خىتايدىن ئەرەب دېڭىزىغىچە سوزۇلغان تاشيول ۋە تۆمۈر يولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى

ئۇل مۇئەسسەسە تۈرى بولغان «خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»نىڭ (CPEC) ۋەيران قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ قوماندان پاكىستاننىڭ دىرا ئىسمائىل خان شەھىرىدىكى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا قىلغان سۆزىدە: «بىز ھەممە يەردە بەش پىرسەنت باج ئالىمىز. ئەگەر باج تاپشۇرۇلمىسا، ئۈسكۈنە ۋە خىزمەتچىلەر تالىبان قوراللىق كۈچلىرىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىدۇ» دېگەن.

## ياپونىيە، كورېيە ۋە خىتاي ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنماقتا

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 26-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي، ياپونىيە ۋە كورېيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ 2019-يىلىدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشى كورېيەنىڭ پورت شەھىرى بۇساندا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كۈنى ھەمكارلىقنى قايتىدىن باشلاش توغرىسىدا ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلىپ، ئۈچ دۆلەت باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە يول ئاچقان.

خىتاي، كورېيە ۋە ياپونىيە ئۆزئارا دىپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 2008-يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە كېلىشكەنىدى. ئەمما، قوش يۆنىلىشلىك تالاش-تارتىش ۋە تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ يامرىشى بۇ پىلاننى توسقۇنلۇققا ئۇچراتقان ھەمدە ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2019-يىلى كۆرۈشكەنىدى.

ئۈچ مىنىستىر دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قاچان ئۇچرىشىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ۋاقىت بەلگىلىمىگەن.

كورېيە دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى چو تايوڭنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ، ياپونىيە باش مىنىستىرى فۇمىئو كىشىدا ۋە كورېيە پرېزىدېنتى يون سۆك يېئول بۇ يىل كۆرۈشەلمەسلىكى مۇمكىن بولسىمۇ، بۇ ئۈچەيلەن ئارىسىدىكى باشلىقلار يىغىنى يېقىن كەلگۈسىدە ئۆتكۈزۈلۈشى مۇمكىن ئىكەن.

ياپونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىدا مۇنداق دېيىلگەن: مىنىستىرلار بىر سائەت قىرىق مىنۇت داۋاملاشقان يىغىن جەريانىدا بىخەتەرلىك، ئىقتىساد ۋە تېخنىكا قاتارلىق ئالتە ساھەدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە باشلىقلار يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن كونكرېت مۇزاكىرىلەرنى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە كېلىشىشتى.

كورېيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىدا بولسا، كورېيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى پارك جىن ماقامداشلىرىغا «ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇقىم ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل سىستېمىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى»نى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ شىمالىي كورېيە ھەققىدىكى ئەندىشىسىنىمۇ تىلغا ئالغان.

ختاي دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى كورېيە بىلەن ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقىغا قارىتا مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: ئۈچ دۆلەت «ئىدىئولوگىيەگە بىنائەن پاسىل ئايرىشقا ۋە رايون ھەمكارلىقىنى قۇتۇپلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇشى كېرەك.» ۋاڭ يى يەنە ئۈچ دۆلەتنى ئۈچ تەرەپلىك ئەركىن سودا كېلىشىمى توغرىسىدىكى سۆھبەتنى تېزدىن باشلاشقا ئۈندىگەن.

ياپونىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى يوكو كامىكاۋا خەلقئارا بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ۋە مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن مەۋجۇت ۋەزىيەتتە، ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ رايون تىنچلىقىغا ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كورېيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىغا كۆرە، ياپونىيە بىلەن كورېيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئىككى تەرەپلىك سۆھبەتتە شىمالىي كورېيەنىڭ ئالدىنقى ھەپتە تۇنجى جاسۇسلۇق سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئەيىبلىگەن ۋە شىمالىي كورېيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى قورال-ياراغ سودىسىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇش ھەققىدە ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلغان.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



دەرىن لاھۇد

ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا قۇرۇلتىيىدىكى ئاۋازى، ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنىنىڭ دەستەكدېشى ، ھۆرمەتلىك دەرىن لاھۇد ئەپەندى


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
ئەگەر ھازىرقى ھالىتىڭنىڭ ئۆتمۈشۈڭدىن پەرقلىق بولۇشىنى خالىساڭ، ئۆتمۈشۈڭنى بىلىشىڭ كېرەك.